# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

13

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

**(13)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (13)**

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 6.75
1984 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1984 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 11098.136
تىراژى: 1 ــــ 11.800
باھاسى: 0.40 يۈەن
**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**

## مۇندەرىجە

ئاباق كېرەي خەلقىنىڭ تارىخى ئەھۋالى........
.............................................ھاجى نەبى ۋەلىيوپ 1
ئاتۇش ناھىيە ئىكساق كەنتىدە يېڭىنقى زامان
پەننى مائارىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ........ ئىبراھىم نىياز 83
قەشقەردە پەننى مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
تەرەققىياتى توغرىسىدا .................. شاۋكەت ئابدۇرېھىم 95
مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى توغرىسىدا
ئەسلىمە...................................ئىبراھىم مۇھىتى 100
1920 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭىچە
مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە
ئەسلىمە .......................................... مەجىت ئەبۇزەر 116
شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى
تارىخىدىن ئەسلىمىلەر ..................... خەمزە كارباي 119
كۇچاردىكى سۇ ئاپىتى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش
ئەھۋالى توغرىسىدا...........................زاكىر نىياز 132
ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى خىيانەتچىلىك
ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى ......................... خېۋىر تۆمۈر 140
يولۋاس قانداق ئادەم؟............ ئىمىنوپ ئېلاخۇن 155
قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسى-
دا ئەسلىمىلىرىم ......................... سوپاخۇن سۇۋۇروۋ 166

تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى توغرىسىدا ........................ زاكىر نىياز 187
1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆلكىگە باش ۋالى ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى .......................... خېۋىر تۆمۈر 209

# ئاباق كىرەي خەلقىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى

ھاجى نەبى ۋەلىيوپ

## 1 - ئالتاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

ئالتاي ئايمىقى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدا قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاق خەلقىنىڭ كىرەي قەبىلىسى 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالتاي دىگەن ئاتالما موڭغۇل تىلىدا ئالتۇن دىگەن مەنادا بولۇپ، بايلىق ۋە كۆركەملىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئالتاي تاغلىرىنىڭ تەسكەي تەرەپلىرى بۈك - باراقسان قېلىن ئورمانلىق بولۇپ، كۈنگەي تەرەپلىرى خۇددى ياپ - يېشىل گىلەمدەك يايلاقتىن ئىبارەت، ئالتاي تاغلىرىنى ئومۇمەن بىر ئورمان دېڭىزى دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ تۆمۈر يول، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىدا كېرەكلىك ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىگىز قارىغايلار ناھايىتى قويۇق ۋە كۆركەم بولۇپ، تاغلارغا ئالاھىدە ھۆسۈن قوشىدۇ. قارىغايدىن باشقا سامىرسىن (قارىغاينىڭ بىر خىلى)، قېيىن، تال، تېرەك (مەجنۇن تال) دەرەخلىرىمۇ ناھايىتى جىق. مىۋە دەرەخلىرىدىن

جىگدە، دولانا، شاڭكىش قارىغاي پىستىسى قاتارلىق مېۋە دەرەخلىرى ئۆسىدۇ. ئۇندىن باشقا قارىغاي ئۇرۇغچىسى، قىزىلقات، قارىقات، تاڭقۇراي، بۆلدۈرگەن، توشالا، بىك، سارانا قاتارلىق مېزىلىك مېۋىلەرمۇ بار.

ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىن جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغان 9 چوڭ دەريا بار. ئەڭ شەرق تەرەپتە بولغۇن، چىڭگىل دىگەن ئىككى دەريا بىرلىشىپ ئۇلۇڭگۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. قايىرتى، قارا ئېرتىش، قىران، بۇۋۇرچىن، قابا، بىلەزۈك، ئالقابەك قاتارلىق 7 دەريا ئېرتىش دەرياسىغا قوشۇلۇپ شىمالىي قۇتۇپتىكى مۇز ئوكيانىغىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئالتاي تاغلىرىنىڭ ھەر بىر سالا-غوللىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگىدەك كۆمۈشتەك پاقىراپ تۇرغان سۈيى تاتلىق بۇلاقلىرى بار. ئورمانسىز، سۇسىز تاغ غولىنى ئاساسەن يوق دىيىشكە بولىدۇ. بۇ سۇلار تاغ باغرىلىرى، ئويمان-تۈزلەڭلىكلەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە ئوتلاقلارنى سۇغۇرىدۇ.

ئالتاي دەريالىرىدا ھەر خىل بېلىقلار بار. مەسىلەن: ئېرتىش دەرياسىدا مىترو (شۇڭ خۇاڭ يۈي) بېلىغى، ئاقبېلىق، قىزىلبېلىق، چورتان، سازانكا (لى يۈي) قاتارلىق چوڭ بېلىقلار، ئاققايران، قارا بېلىق، ئالابۇغا، تاپان (جى يۈي) قاتارلىق كىچىك بېلىقلارمۇ ناھايىتى جىق. ئۇلۇڭگۈر كۆلىدە قارا بېلىق، ئالابۇغا، تاپان، مايچاباق قاتارلىق ئۇششاق بېلىقلار بەك نۇرغۇن.

ياز مەۋسۇملىرى ئاققۇ، قوڭۇر غاز قاتارلىق ھەر خىل سۇ قۇشلىرى كۆل بويلىرىدا سەيلى قىلىدۇ. قىر بويلىرىدا دوغداق، قىرغول، توقايلىقلاردا قۇر قاتارلىق ھەر خىل قۇشلار بار، بۇ قۇشلارنىڭ گۆشى ۋە ماموق پەيلىرى



ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى قىممەتلىك.

ئالتايدا تېرىسى قىممەتلىك ھايۋانلاردىن بۆلگىن، قۇندۇز، تىيىن، تۈلكە، ئاق چاشقان، سۇغۇر، بورسىق، ئېيىق، قاشقىر، سىلەۋسىن قاتارلىقلار بار. دورا ئۈچۈن قولدا بېقىشقا بولىدىغان بۇغا، گۆشى-تېرىسى پايدىلىق ئارقار، ئىلىك، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، قۇلان، ئاق توشقان، چوشقا قاتارلىق ياۋا ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا ھازىرغا قەدەر ئېنىقلانغان يۈز نەچچە خىل دورا ماتېرىياللىرى بار.

ئالتاي تاغلىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتاللاردىن ئاق ئالتۇن، قارا ئالتۇن قاتارلىقلار ساي غوللىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىشىچە ئالتايدا 72 جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغىلارنىڭ ھەممىسىدە ئالتۇن بار ئىكەنمىش.

يۇقۇرىدىكى ھەر خىل تەبىئى بايلىقلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈگىمەس زور غەزىنەدۇر.

ئالتاينىڭ ھاۋا كىلىماتى سالقىن بولۇپ، قىروسىز ۋاقتى 120 — 140 كۈنگىچە بولىدۇ. بۇ ياز مەۋسۇملىرىدە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئالاھىدە پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياز ئايلىرىدا ھەر خىل ماللار ئالاھىدە سەمىرىدۇ. 4 چىشلىق، 6 چىشلىق قويلارنىڭ ئېغىرلىغى 8 - 9 - ئايلاردا 90 دىن 130 كىلوگىراممغا يېتىدۇ. مىنىشكە ئۆگىتىلمىگەن توسۇن يىلقىلار سېمىزلىكتىن ماڭالماي قالىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن ئالتاي تاغلىرىدىكى يازلىق يايلاقلار شۇنچە ئېسىل بولسىمۇ، بىراق قىش كۈنلىرى قار قېلىن ياققانلىقتىن، مال بېقىشقا قولايسىزراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىش ۋاقتىدا

چوڭ قارا ماللار ئالتاي ياقىسى بىلەن ئېرتىش بويلىرىدا قىشلاپ، ئۇششاق ماللار ساۋىر، قوبۇق، بەيتىك، قارامايلى، قۇم (جۇڭغارىيە قۇملىقى) قاتارلىق جايلارغا ئوتار قوش بىلەن (قوش بىلەن يۆتكىلىپ يۈرۈپ بېقىش) بېقىلىدۇ.

## 2-ئالتاي قازاقلىرىنىڭ يېقىنقى تەۋەلىك ئەھۋالى

ئالتاينى ماكان قىلغان قازاق خەلقى ئاساسەن كېرەي قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، نايمان قەبىلىسىدىن ھەرقايسى ئورۇنلارغا جايلاشقان قارا كېرەي، ئۇۋاق قەبىلىلىرىمۇ بار. سارى كېرەي ئۇرۇقى ئۆز ئىچىدىن 12 چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار: جەدىك، جانتېكەي، ئىيت ئېلى، سارىباش، مولقى، چىرۇچى، چىبار ئايغىر، قاراقاس، كون سادىق، مېركىت، جاستابان، چىمويۇن كېرەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قازاقلار ئاساسەن مال چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئوت-سۇ قوغلۇشۇپ كۆچمە تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. ئۇلار كونا ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئالتاي قازاقلىرى ئەزەلدىن تارتىپلا جۇڭگو پۇخراسى، خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ئالتاي، ساۋىر يېرىدە ياشاپ كەلگەن، ئۇلار ئۆز ماكانىدا تۇرۇپ تارىختىن بۇيان موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا دائىم ئۇچراپ تۇرغان. مەسىلەن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى كېرەي قەبىلىسىنى ئۈچ مەرتىۋە تالان-تاراج قىلغان بولۇپ، ھازىرقى ماكانىدىن زايسان كۆلىنىڭ ئەتراپىغىچە



قوغلاپ سۈرۈۋەتكەن. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمى 1825-يىلى بولۇپ، شۇ چاغدا چىڭگىلنى ماكان قىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن. جەنتىكەي قەبىلىسىدىن بولغان ئېساغاسى ئوغلى بېگىن دېگەن بايىنىڭ 1000 يىلقىسىنى، يەنە بىر نەچچە ئەر-ئايالنى ئولجا قىلىپ ئەكەتكەن ئىكەن. بېگىننى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇلىغان شۇ جاينى تا ھازىرغىچە بېگىن چاپقان (بۇلانغان) قارا سېڭگىر دەپ ئاتىشىدۇ.

1790-يىلى كېرەي ئېلىنىڭ ھۆكۈمدارى ئەبۇلپېيىزى چىڭۋاڭنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى كۆكبىداي (ئەلەن جۇڭۋاڭنىڭ 4-دادىسى) بېيجىڭغا بېرىپ، چيەنلۇڭ خانىدىن «گۇڭ» دېگەن مەنسەپ ئېلىپ قايتقان. بۇ پاكىت كېرەي خەلقىنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو پۇخراسى ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىدۇ.

1825-يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىگە چارروسىيە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، شۇ جايدىكى قازاقلارنى ئۆزىگە قاراتقان. بۇندىن ئاۋال شەرقتە بولغۇن، چىڭگىل دەريالىرىدىن، غەرپتە زايسان كۆلى ئەتراپى، نارىن دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىق كېرەي ئېلىنىڭ ياشاپ كەلگەن ماكانلىرى ئىدى.

1850-يىلدىن بۇرۇن كېرەي قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئارغىن، نايمان قەبىلىلىرىمۇ جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن. 1860-يىللىرى، چېگرا كېلىشىمى بويىچە ئارغىن، نايمان ھەم كېرەي قەبىلىلىرى ماكان قىلىپ كەلگەن يەرلەرنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى بىر بۆلۈمى روسىيىگە تەۋە قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەمما كۆكبىداينىڭ ئوغلى ئاجى تۆرە روسىيە تەۋەلىكىنى خالى-

ىمغان زايسان كۆلى بۆيىدىكى كېرەي قەبىلىسىنى باشلاپ، 1864 - يىلى چېمەنەي ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. 1884 - يىلى جەكې بىي (بەگ) دىيارىدىكى تەخمىنەن مىڭ ئۆيلۈك كېرەيلەر چېمەنەي ناھىيىسىنىڭ لاستى دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. رۇسىيە تەۋەلىگىدە قالغان تەخمىنەن مىڭ ئۆيلۈكچە كېرەي قازاقلىرى ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ماكانىدىن قىيالماي ئۆز جايىدا قالغان. ئۇلار بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە قوشاق توقىغان:

ئاق بۇغداي، قارا بۇغداي، قىزىل بۇغداي،
ئورۇسقا «بودام»① (پۇخرا) بولدۇق، يەرنى قىيماي.
بوز تورغاي قوي ئۈستىگە جۇمۇرتقالاپ،
بولارما زامان قايتىپ بۇرۇنقىداي.

## 3 - ئالتاي ئېلىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئالتاي ئېلىنىڭ ئىچكى تەرەپتىكى مەمۇرى ئىشلىرىنى ئىلگىرى كۆگىداي گۇڭ باشقۇرۇپ كەلگەن. 1820 - يىلى كۆگېداي ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ئاجى گۇڭ بولۇپ بەلگىلەندى. ئاجى گۇڭ 1836 - يىلى كېرەيلەر قەبىلىسىدە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان جەدىك، جەنتېكەي ئۇرۇقلىرىدىن تۆت بىي (تۆت بەگ) سايلاپ، شۇلار بىلەن بىرلىكتە ئالتاي

① «بودام» دېگەن سۆز — ئوتار (مۇستەملىكە) مەنىسىدە. (ئەسكەرتىش: «بودام» دېگەن ئاتالما رۇسچە «پوددان» دېگەن مەنىدە ئىدى — تەرجىماندىن).



خەلقىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئالتاي 1860 - يىلدىن 1883 - يىلغا قەدەر تارباغاتاي ئايمىقى ئارقىلىق ئىلىغا، 1883 - يىلىدىن 1905 - يىلغا قەدەر قوبدىنىڭ سەنزەن داچېڭىغا قارىغان. ئىچكى تەرەپتىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر گۇڭ ئىككى ئامبۇ، تۆت ئۆكىردەي باشقۇرغان. بۇنىڭدا ئاجىنىڭ ئوغلى جېڭىسقان گۇڭ بولۇپ، 2 ئامبۇنىڭ بىرسىگە زەكەرىيە تۆرە، يەنە بىرسىگە جانىبەك تۆرە بەلگىلەنگەن. ئاۋالقى 4 بەگ ئۆكىردەي بولۇپ تەيىنلىنىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇچاغدا ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن قوبدىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھازىرقى قابا ناھىيىسىگە «جۇن غالداي» دېگەن غالداي تۇرغان. غالداي مەمۇرى ئىشلارنى بىۋاستە باشقۇرمىغان، بەلكى بىر گۇڭ 2 ئامبۇ، تۆت ئۆكىردەينىڭ ۋاكالىتەن مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنىلا ئاتقارغان. مەلۇم بىر ئىشلار توغرۇلۇق چىقارغان خۇلاسىلىرىغا تامغا بېسىپ تەستىقلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنىلا باشقۇرغان. بۇ دەۋر ئالتاي قازاقلىرىنىڭ خاراپلىشىپ تارقىلىشقا باشلىغان دەۋرى بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، يۇقۇرقى ھاكىمىيەت ئىگىلىرى بولغان 7 ئادەم خەلقنى خالىغىنىچە ئىزىپ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى، خەلقتىن ئالىدىغان ئالۋاڭ - سېلىقنى ھەددى - ھېساپسىز كۆپەيتتى، بۇ ھەقتە يۇقۇرى تەبىقىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى خەلق ئىچىدىكى تۆلەباي دېگەن ئاقىن (شائىر) مۇنداق دەپ پاش قىلىدۇ:

تۆت ئۆكىردەي، ئىككى ئامبى، گۇڭ بىلەن يەتتى،
ئۇلارغا ئوزۇق بولغان قوينىڭ ئېتى.
يالغۇز ئاتلىق يارلى (كەمبەغەل) دىن بىر قوي ئېلىپ،
زەردىسى قايناپ ئېچىلدى ئەلنىڭ بېتى (يۈزى).

ئىككىنچىدىن، ئوتلاق يېتىشمەسلىكتەك ئەھۋاللار تۇغۇلدى، قەبىلىلەر ئارا ئىتتىپاقسىزلىق ئىشلىرى پەيدا بولدى. ئالتاي كېرەيلىرىنىڭ تاراپ كېتىش مەزگىلى ئاساسەن 1870 - يىلدىن باشلاندى, دەل مۇشۇ يىلى بارقى قەبىلىسىدىن كوبەن يەنە مامىربەك تۆرە دىيارىدىكى بىر مىڭدەك ئۆي تارباغاتاي يېرىگە كۆچتى. 1880 - يىلى جىلقىشى، باردام دىيارىدىكى بىر مىڭغا يېقىن ئۆي قوبدىغا ئۆتۈپ كەتتى، 1903 - يىلى بۆكە دىيارىدىكى 300 ئۆيلۈك كىشى شىزاڭغا كۆچتى. ئەلنىڭ تاراپ كېتىشى مۇشۇنداق ھالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئالتاينىڭ گۇڭى جېڭىسقان بىلەن 2 ئامبى، 4 ئۆكىردەي ئىلى جاڭجۇڭىغا تۆۋەندىكىچە تەلەپنى قويغان:

«بىزنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىمىز قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ, بىرىنچىدىن، قوبدىنىڭ قاتناش مەسىلىسى قىيىن ھەم يىراق، ئىككىنچىدىن، قولىمىزدا ھەربى كۈچ يوق. شۇڭلاشقا، ئالتاي بېيجىڭغا بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ، خەلقنى ھەربى كۈچ بىلەن باشقۇرۇشقا بېيجىڭدىن مەخسۇس كىشى ئەۋەتىلسە».

بۇ تەلەپ ئىلى جاڭجۇڭى ئارقىلىق بېيجىڭغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، 1905 - يىلى ئالتاينى باشقۇرۇشقا بېيجىڭدىن شې فامىلىلىك بىر چىڭسەي كەلگەن. شې چىڭسەي ئەمەلگە ئولتۇرۇش بىلەنلا، ئەۋەلقى ئىچكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بىر گۇڭ، ئىككى ئامبى، تۆت ئۆكىردەينىڭ ئۈستىگە ھەر بىر كىچىك قەبىلىگە بىردىن سۇمۇن زەڭگى سايلىدى. شې چىڭسەي ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭ، ياڭ فامىلىلىك چىڭسەيلەر ئارقا - ئار



قىدىن كېلىشىپ ئىش بېشىغا ئولتۇرۇشتى. بۇلاردىن كېيىن 1911 - يىلى بېيجىڭدىن تورغوت موڭغۇل پالتاۋاڭ دېگەن كىشى كېلىپ چىڭسەي بولدى. ئۇ ھوقۇقنى قولىغا ئېلىشى بىلەن ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزدى. مەسىلەن: ئىلگىرى ئاجىنىڭ ئوغلى جېڭىسقان بىرتۇتاش باشقۇرۇپ كەلگەن 12 قەبىلە كېرەينىڭ ھەربىر قەبىلىسىگە بىردىن 12 تەيجى سايلىدى. ھەر تەيجىنىڭ قول ئاستىدا بىردىن ئۆكىردەي، بىردىن ئىككىگە قەدەر زالىڭ، بەشتىن ئالتىغا قەدەر زەڭگى بولدى. بۇنىڭ سىرتىدا ھەر يۈز ئۆيلۈك ئائىلىگە بىردىن يۈز بېشى بەلگىلەندى. يۈز بېشىنى خەلق «كۈندە» دەپ ئاتايتتى.

بۇ مەنسەپدارلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆلۈپ كەتسە فېئوداللىق قائىدە بويىچە ئەۋلات ئۇلاشتۇرۇپ، ئورنىغا بالىلىرى سايلىناتتى. مەسىلەن: كېرەي ئېلىنى كۆگەدايدىن باشلاپ ئەلەن جۇڭۋاڭغا قەدەر بەش ئەۋلات ئۇلاشتۇرۇپ سوراپ كەلدى. بۇنىڭدا بولۇپمۇ تورنبىي (بەگ) نىڭ ئورنى پەقەت ئۆزگەرتىلمەيتتى.

پالتا ۋاڭ يۇقۇرقى مەنسەپدارلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ ئالتاي خەلقىنى ئىلاندەك بوغۇپ، سۈلۈكتەك شوراشقا باشلىدى. خەلق رەھىمسىز ئېكىسپىلاتاتسىيىنىڭ چىدىغۇسىز جاپاسىنى تارتتى.

مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئالۋاڭلىرى پۈتۈنلەي خەلقتىن يىغىپ ئېلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىر يىللىق ئالۋاڭ - ياسىغى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

گۇڭ 12 كېرەي قەبىلىسىدىن يىلىغا بىرمىڭ قوي؛
تەيجىلەر ئۆزىگە قاراشلىق ئەلدىن 400 قوي؛

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆكىردەي | 〃 | 〃 | 〃 | 100 قوي؛ |
| زالىك | 〃 | 〃 | 〃 | 30 قوي؛ |
| زەڭگى | 〃 | 〃 | 〃 | 20 قوي؛ |
| يۈزبېشى | 〃 | 〃 | 〃 | 10 قوي ئالاتتى. |

بۇنىڭ سىرتىدا ھەر بىر تەيجىلەردە 4 ـ 5 چاپارمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى يىلىغا 12 قويدىن ئالۋاڭ ئالاتتى. ھەر ئايدا بىر ئات مىنىدۇ. بۇ ئالۋاڭ ـ ياساقتىن باشقا يەنە خەلق ھەر يىلى مەملىكەتكە 300 ئات تاپشۇرىدۇ. كېيىن مۇنداق ئات تاپشۇرۇش ئوت ئۇچى بېيجىڭغا ئۆزگەرتىلىپ بەش پىرسەن باج تۆلەيدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر تەيجىلەر يىلىدا بىر نۆۋەت چاغانغا قۇتلۇقلاپ بارغاندا چىڭسەيگە تارتۇق ئۈچۈن سېمىز سويۇملۇق قوي، مىنىدىغان ئات يىغىپ ئاپىرىدۇ. ئۇلار چىڭسەيگە يولۇقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چىڭسەينىڭ فۇگۇەن، تۇڭچىلىرىغا «سوغات» دەپ بىردىن ئېيىق، تۈلكە تېرىسى، يەنە بىردىن ئات بېرىپ ئاندىن شۇلارنىڭ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق چىڭسەيگە قاداق (خادا) دەپ بۇلغۇن تېرىسى سوغات قىلىپ يۈز كۆرۈشەتتى. ئۇ چاغدا بىر دانە بۇلغۇن تېرىسىنىڭ باھاسى 100 قويدىن ئارتۇغراق ئىدى. شۇ قاتاردا چىڭسەي يامۇلىدا 2 كاتىپ، 4 تۇڭچى، تەيجى ۋە ئەلدىن يىغىلغان 12 چاپارمەن تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممە خىراجىتى خەلقتىن ئېلىنىدۇ. كاتىپلار بىلەن تۇڭچىلار يىلىغا 30 قويدىن، چاپارمەنلەر يىلىغا 20 قويدىن ئالۋاڭ ئالىدۇ. ھەر ئايدا بىردىن ئات مىنىدۇ. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ئەل ئىچىگە چىققان خىزمەتچىلەر بىر ئادەم بولسىمۇ، قونغان يەرلىرىدە



ئايرىم ئۆي تىكتىرىدۇ، قوناق ئېشىغا قوي سويغۇزىدۇ. سويۇلغان قوينىڭ قۇيرۇق يېغىغا تاپان ھەققى ئۈچۈن بىر چاي قوشۇپ ئېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ئالۋاڭ قاتارىدا تۆگىگە ئارتقۇزۇپ ئەلدىن ـ ئەلگە توشۇپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق يۈرۈشتە يوق بانىلارنى تېپىپ خەلقنى جازالاپ پالە ئالاتتى. بۇ بانىلار: سويۇپ بەرگەن قوينىڭ ئورۇق چىقتى، گۆشنى ياخشى پۇشۇرماپسەن، ياكى مىنىدىغان ئات بىلەن ئالۋاڭ تۆگىلەرنى ۋاقتىدا يىغىپ بەرمىدىڭ دېگەنگە ئوخشاشلار. مۇشۇنداق بانا ـ سەۋەپلەر ئازغىنە ئېنىقراق بولۇپ قالسا «ئات بېشى توققۇز» (بېشى ئات، ئاندىن قالغىنى ئۇششاق مال ياكى بۇيۇملار بولۇپ 9 خىل نەرسە) پالى قويۇلاتتى، يالغان بانا بولغان تەقدىردىمۇ ئەيىپ ھەققى دەپ ئات ـ چاپانلىق ئالاتتى. بۇنداق زورلۇقلارغا قارشىلىق قىلىنسا «دۇرە» (تاياق بېسىپ) قىينايدۇ. مۇشۇنداق يولسىز زۇلۇمغا قارشى چىقىپ ئەرزى ـ دات ئېيتىشقا ھېچقانداق مۇمكىن بولمىغانلىقتىن بىچارە خەلق شۇلارنىڭ دېگىنىنى بېرىپ يولغا سېلىپ قۇتۇلۇپ قالاتتى. مۇشۇنداق زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارنىڭ كاساپىتىدىن خەلق ئۆز ۋاقتىدا كۆچۈپ ئالالماي مال بېقىش ئىشلىرىغا جىق زىيان بولاتتى. مەسىلەن: مەن 7 ـ 8 ياش ۋاقتىمدا ئالتاي شەھرىدىن قىزىل تۆرە دېگەن دارىن 50 ئەسكەر بىلەن چوڭقۇر دېگەن يەرگە بارارمىش دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ ئاۋۇل دارىنغا ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىر نەچچە كۈنلەر تاغدىن چىقماي مۆكۈپ ئولتاردى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئاۋۇل ئەل ۋاقتىدا كۆچەلمەي، ئۇلارنى چوڭقۇرغا باردى (ئۆتۈپ كەتتى) دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا كۆچۈشتى. شۇ چاغدا ئالتاي تاغلىرىغا قىلىن قار ياققان ئىدى. بىز بارىدىغان يې-

رىمىزگە ئات بىلەن يول ئېچىپ، ئادەتتە بىر كۆچۈپ بارىدىغان يولنى ئۈچ كۆچۈپ، كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران يېتىپ بارغانلىقىمىز ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ئۇ چاغدا ئاساسەن قىش ۋاقتىدا ھەر 25 ـ 30 كىلومېتىر يەرگە ئۆرتەڭ قۇرۇلىدۇ (ئۆرتەڭ دېگىنى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە مەخسۇس قونالغۇ جاي)، ھەر بىر ئۆرتەڭدە ئوت ـ چۆپ، سويىدىغان قوي، ئىچىدىغان چاي، مىنىدىغان ئات، يۈك ئارتىدىغان تۆگە ئالدىن ـ ئالا تەييارلاپ قويۇلىدۇ. ئۆرتەڭلەردە ئۆرتەڭ بېشى، ئوت ـ سامان ئىشچىسى، ئاشپەز قاتارلىق ئادەملەر بولىدۇ. ھەربىر ئۆرتەڭنىڭ قىشلىق چىقىمى 4 ئايلىق مۆلچەر بىلەن بىر مىڭ قويدىن ئارتۇغراق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇ چاغدا ئالتاي ۋەزىيىتىدىكى ئالاھىدە ئېغىر بىر ئەھۋال: ئالتايدا تېرىقچىلىق بولمىغانلىقتىن ئاشلىق يوق دېيەرلىك ئىدى. ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە لازىملىق ئاشلىق تارباغاتايدىن توشۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىڭلىغان تۆگە كارۋانلىرى ئالتاي، تارباغاتاي ئارىلىغىدا قىشمۇ ـ ياز ئاشلىق توشۇپ توختىماي مېڭىپ تۇراتتى. يولدا ئۆلۈپ، يوقىلىپ كەتكەن تۆگىلەرگە ھۆكۈمەت تۆلەم بەرمەيدۇ، چىقىم بولغان تۆگىلەر خەلق ئۈستىدىكى چىقىم دەپ ھېساپلاپ، تۆگە ئىگىلىرىگە خەلقتىن تۆلىتىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر تۆگە 20 قويغا، بىر ئات 7 قويغا باھالىنىدۇ، بۇ سىلىق بولۇپمۇ كەمبەغەل چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېغىر ئاپەت ئىدى. ئېنىغراق قىلىپ ئېيتقاندا كەمبەغەل چارۋىچىلار ئىككى تەرەپلىمە زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. بىرىنچىدىن، ئۇلاردا تۆگە بولمىغانلىقتىن ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن ئادەم چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى، ئىككىنچىدىن، مال بىلەن تۆلىنىدىغان ھەر خىل چىقىملارنى بايلار بىلەن ئوخشاش تۆلەيتتى. بايلار ئادەم ئاجراتماي تۆگە ئەۋەتەتتى.



ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربىي ئورۇنلارنىڭ قالايدىغان ئوتۇنىدىن تارتىپ ئات ـ ئۇلاغنىڭ يەم ـ خەشەكلىرىگىچە بولغان تەمىنلەش خەلق ئۈستىدە بولاتتى، شۇنىڭدەك تاغلىقلار شەھەرگە كىرگەندە، شەھەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايتتى. مەسىلەن: تاغدىن كېرەكلىك نەرسىلەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنى ھاشاغا تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ھەقسىز ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، قىش كۈنلىرى قار تازىلىتاتتى، مۇنداق ئەمگەكلەرگە ھەق بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە تاماقنى ئۆزىدىن يەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر ئىش بولمىسا كىشىلەرنىڭ شەھەرگە كەلگۈسى كەلمەيتتى، قورقاتتى، شەھەرگە بارماسقا زادى ئىلاجى بولمىغاندا، شەھەردىن 20 ـ 30 كىلومېتىر جايغا ئات ـ ئۇلاقلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئاندىن ئۆزلىرى شەھەرگە كىرەتتى.

پالتا ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى شەپقەتسىز زۇلۇم دەستىدىن يەرلىك خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ماكان قىلىپ كەلگەن جايلىرىدا تۇرالماي قېچىپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. مەسىلەن: تۆت بەگنىڭ بىرسى بولغان جاقىپ تەيجىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئالۋاڭ ـ ياساق زۇلمىغا ئۇچرىغان 300 ئۆيلۈك پۇخرا 1913 ـ يىلى قالى زەڭگىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن، جاقىپنىڭ ئالۋاڭ يىغىشقا ئەۋەتكەن چاپارمەننى باغلىۋېلىپ، ساۋەن، ماناس،

قۇتۇبى ناھىيىلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدەك چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنى ماكان قىلغان بۇۋراتاي، باقراي، قالىبل، جاپار تەيجىلەر باشلىغان ئەللەر ئالتايدىن قېچىپ گۇچۇڭ، مورى، بارىكۆل ناھىيىلىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى (پالتا ۋاڭ ھاكىمىيەت بېشىدىن كەتكەندىن كېيىن باقراي، قالىبل، جاپار ئەللىرى بىلەن ئالتايغا قايتىپ باردى، بۇۋراتاي باشلىغانلىرى بارىكۆلدە قېپقالدى).

ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىكى كونكرېتنى سەۋەپلەر تۆۋەندىكىچە: ئالتاينىڭ بەنسى جاڭگۈەنى ① پالتا چىڭ ۋاڭنىڭ ئۆتكەندىكى ھەددىدىن تاشقىرى ئېكىسپىلاتاتسىيىسىنىڭ سىرتىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ياردەم بېرىش دېگەن باھانە بىلەن ئالتاي خەلقىدىن تەخمىنەن 3000 تۆگە، 3000 ئات، 500 ئۆكۈز، 1000 سېيىر، 1000 قوي يىغىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مالالارنى يىغىدىغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ھىيلە ـ مىكىر، قورقۇتۇش يولى بىلەن خەلقتىن كۆپلىگەن كۈمۈش پۇل ۋە مالالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان. مۇشۇ سەۋەپلەردىن چىڭگىل، كۆكتوقاي ئەللىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ يۇقۇرىغا ئەرز تۇتقان. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلغانلىق دەپ قارىلىپ ئەل باشلىقلىرىنى تۇتۇشقا ھۆكۈمەت تەرەپتىن يۈزدەك قۇراللىق ئەسكەر چىقىرىلغان. مۇشۇنداق قىستاشلار تۈپەيلىدىن ئەلنىڭ كۆپ قىسمى تيانشان بويلىرىغا، بىر قىسمى قوبداغا كۆچۈپ كېتىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن 1913 ـ يىلى موڭغۇلىيىدە قوزغىلاڭ بولۇپ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى قوبدا قازاقلىرىنى موڭغۇلىيە-

① بەنسى جاڭگۈەن ــ ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدار مەنىسىدە



نىڭ ئىچكى تەرىپىگە ھەيدەپ كۆچۈرمەكچى بولغان. بۇ چاغدا سۇگۇرباي (گېنېرال دەلىلقاننىڭ دادىسى) دىيارىدىكى 1000 غا يېقىن ئائىلە ئالتايغا قېچىپ كېلىۋالغان. قىلاڭ دېگەن كىشى دىيارىدىكى بىر بۆلۈم خەلقنى موڭغۇلىيىدىن ئەسكەر چىقىپ ئۇلانباتۇر تەرەپكە ھەيدەپ كەتكەن. شۇ چاغدا، ئالتاي قازاقلىرى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق قوبدا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن سوقۇشقان، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بۇلىغان. مۇشۇنداق تالان ـ تاراج قىلىش ۋەقەلىرى توختىماي يۈز بەرگەنلىكتىن موڭغۇلىيىدىن ئەسكەر كېلىپ خەلقنى بۇلايدىكەن دېگەن تەشۋىش ئىچىدە خەلق كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل سەۋەپتىن تاشقىرى خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مەنسەپدارلارغا بولغان نارازىلىقلىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭ پاكىتلىرى: 1912 ـ يىلى تارباغاتايدا مامىربېك تۆرە بىلەن كۆبەن دېگەن كىشى سوتلۇشۇپ تارباغاتاينىڭ سەنزىنى مامىربېك تۆرىنى سوتقا بەرمەكچى بولغاندا، مامىربېك 40 ئادەم بىلەن ئالتايغا قېچىپ بارغان. ئالتايدىكى جېڭگىسقان تۆرە ئۆزىنىڭ يېقىن تۇققىنى ھەم كىلىنىنى، خادىۋاڭنىڭ دادىسى مامىربېكنى تۆت بەگنىڭ بىرسى بولغان مەمىي دېگەن ئادەمگە تاپشۇرۇپ مېھمان سۈپىتىدە كۈتكۈزگەن. مەمىي 40 ئادەمنى قىشچە مېھمان قىلغان، مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالتاي ۋە قوبدا كېرەيلىرىدىن 40 مىڭ قوي يىغىۋالغان.

1912 ـ يىلى پالتاچىڭۋاڭ ئالتاي بىلەن قوبدىنى ماكان قىلغان قازاق ـ موڭغۇللارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە زەكەرىيە

تۆرە بىلەن بايموللىنى بېيجىڭدا ئېچىلغان دازۇڭتۇڭ سايلاش قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتكەن.

1913 ـ يىلى زەكەرىيە، زۇڭتۇڭ يۈەن شىكەيدىن «زاسىق بېيىسى» دىگەن مەنسەپ ئېلىپ زەر پاگونلىرى قادالغان مەنسەپ چاپىنىنى كىيىپ قايتتى. زەكەرىيە بېيىسى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇرۇنقى تۆت بەگنىڭ بىرسى بولغان مەمىمۇ بېيىسى مەنسۇۋگە كۆتىرىلىپ، زەكەرىيە بىلەن مەمىي ئالتايدىكى ئون ئىككى كېرەي قەبىلىسىنى 6 قەبىلىدىن بۆلۈۋېلىپ هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا خەلق ئىچىدە: جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلىدىغان بوپتۇ، هاكىمىيەت ئۈستىگە خەلق ئۆزى سۆيگەن ئادەملىرىنى سايلايدىكەن، خەلقنى ئىزىش ـ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش چەكلىنىدىكەن، دىگەن گەپلەر تارقالغان ئىدى. لېكىن زۇلۇم بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى ئاۋالقىدىنمۇ كۆچىيىپ كەتتى.

1914 ـ يىلى زەكەرىيە بېيىسى بىلەن بېيىلى ئەلەن (بېيىلى ـ مەنسەپ ئېتى) بايموللا قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار: «ئالتايدىن تيانشان بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن قازاقلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىنى ۋە هاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆزىمىز باشقۇرساق» دىگەن تەلەپنى قىلىپ ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشتى. ياڭ زېڭشىن بۇلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ئالتاينى ئۈرۈمچى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈش، ئەلەنگە جۇنۋاڭلىق مەنسۇۋ بېرىش هەققىدە ئىلتىماس سۇنغان. لېكىن شۇ چاغدىكى ئالتاينىڭ بەنسى جاڭگۈەنى ئالتاينىڭ ئۈرۈمچىگە قاراشلىق بولۇشىغا قوشۇلمىغان.

1918 ـ يىلى پالتاۋاڭدىن كېيىن ئالتايغا هۆكۈمدارلىق قىلىپ كەلگەن شىڭ فامىلىلىك بەنسى جاڭگۈەن يۆتكىلىپ،



ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ فامىلىلىك بەنسى جاڭگۈەن كېلىپ ئىش بېشىغا ئولتۇرغان ئىدى. بۇ كىشى ئىش باشقۇرۇپ تۇرغاندا ئۆزىگە قاراشلىق هەربىلەر ئىچىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، هەربىلەر بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ جاڭگۈەننى تۇرمىگە ئالىدۇ، هاكىمىيەتنى هەربىلەر تارتىۋالىدۇ، ياڭزېڭشىن ئالتايدا بولغان بۇ قوزغىلاڭ ۋەقەسىنى بېيجىڭغا مەلۇم قىلىدۇ. بېيجىڭ هۆكۈمىتى ياڭزېڭشىنگە قوزغىلاڭنى دەررو هەربى كۈچ بىلەن باستۇرۇپ هاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشلار، ئالتاي بۇندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قارىسۇن، دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1919 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدىن جۇ فامىلىلىك بىرسىنىڭ قوماندانلىقىدا 400 نەپەر قۇراللىق ئەسكەرنى ئالتايغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئالتايغا كېلىپ قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن بىر ـ ئىككى كىشىنى ئېتىپ تاشلاپ هاكىمىيەتنى قايتا قولغا ئالىدۇ ۋە هاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ كەلگەن بەنسى جاڭگۈەن مەهكىمىسىنى داۋيىڭ مەهكىمىسىگە ئۆزگەرتىدۇ. مەهكىمە باشلىقى داۋيىڭ دەپ ئاتالدى، ئالتايىنى ئۈرۈمچى باشقۇرىدىغان بولدى.

1920 ـ يىلى ئەلەنگە بېيجىڭدىن جۇنۋاڭلىق مەنسەپ تەستىقلىنىپ كەلدى، شۇ يىلى قوبدا يېرىدىكى چىرۈچى قەبىلىسى ئىچىدە هوقۇق تالىشىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غېمىۋبايغا، يەنە بىر قىسمى سوگۇرباي تەيجىنىڭ ئورنىدىكى ئوغلى دوربىتقانغا قاراشلىق بولۇپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر كۆچىيىپ، قىلاڭ بىلەن دوربىتقانلار قېمىۋباينى ئۆلتۈردى.

سارسۇمبىدا (هازىرقى ئالتايدا) تۇرغان داۋيىڭ بۇ مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ۋېي فامىلىلىك ئادەمنىڭ قو-

ماندانلىغىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ، قىلاڭنىڭ بېشىنى كەستى، دور-
بىتقان تەيجىلىك ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئورنىغا ئۇكىسى
دەلىلقان ۋارىسلىق قىلدى. مۇشۇ يىلىدىكى يەنە بىر يىڭىلىق،
بۇرچىندا بىرىنچى قېتىم ناھىيىلىك ئىدارە قۇرۇلدى. ئۇندىن
بۇرۇن ئالتايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆرۈلۈپ باقمىغان.

ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بۇرۇندىن بار دىخان-
چىلىق يەرلەرنى خۇغا ئايرىپ يەر خېتى تارقاتتى.
بۇنىڭدا خۇغا يېزىلغۇچىلار ئاساسەن ئولتۇراق خۇيزۇ،
ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلار ئىدى. قازاقلارنى چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ، دەپ ئۇلارغا يەر بېرىلمىدى. قازاقلارنىڭ
ئىچىدىكى ئايرىم ئەمەلدارلار تېرىلغۇ يەر ئالدى. مەسىلەن:
خانافىيە بېيىسى قاتارلىقلارغىلا يەر بېرىلدى. خۇغا يېزىلغۇ-
چىلار ئەمگەكچى خەلق بولماستىن، بەلكى بايلار ئىدى. ئۇ-
لار ئۆزلىرىگە تەككەن يەرلەردە ئەمگەكچىلەرنى ياللاپ ئىش-
لەتتى. ھۆكۈمەت 100 مو يەرنى بىر خۇ دەپ ھىساپلاپ
خۇ بېشىغا 40 كۇرە (4 دادەن) بۇغداي سېلىق ئالىدىغان
بولدى. بۇ سېلىقنى ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ بولۇش-بولماس-
لىقىغا قارىماي تۆلەش مەجبۇرىيەت ئىدى. بۇ سېلىق تاپشۇ-
رۇلغاندا ئاشلىقنى تولۇق پاكىزىلەپ، ئۆلچەم كۇرىگە چىڭ-
داپ قاچىلاپ، ئادەتتىكى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئالاتتى. شۇن-
داق قىلىپ ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كۆرسەتكۈچتىن
ئىككى ھەسسە ئوشۇق ئاشلىق يىغىۋالاتتى. بۇنداق زورلۇقـقا
چىدىيالمىغان ئەز، بوتىغان دېگەن زالىڭلار خۇغا يېزىلىپ
ئالغان يەرلەرنى باشقا خۇرجالارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەج-
بۇر بولدى.



ئۇ چاغدا، يەرلىك فېئوداللاردا «شەنجاڭ تېرىلغۇ يەرلەر
بىلەن دىخانلارنىلا باشقۇرىدۇ. كۆچمەن خەلق بىلەن كارى
بولمايدۇ» دېگەن چۈشەنچە بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، شەنجاڭ
ئومۇمى يۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.
شۇ يىلى كۈزدە جاقىپ تەيجى قابا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان
قازىبېك ئۇرۇقىدىن 400 دانە قوي يىغىپ ھەيدەپ بۇرچىن
ئۆتكىلىدىن ئۆتىۋاتقاندا شەنجاڭغا يولۇقۇپ قالىدۇ. شەنجاڭ
جاقىپتىن: مۇنچىۋالا جىق قوينى نەدىن ھەيدەپ كەلدىڭلار؟
دەپ سورىغاندا، جاقىپ تەيجى: سىلەر دىخانچىلىق يەر بىلەن
خۇرجالارنى باشقۇرۇشتىن، ھۆكۈمەتتىن پۇل ئېلىشتىن باشقا
نىمىنى بىلىسىلەر؟ بىز سىلەرگە ئوخشاش دۆلەتتىن مۇئاش
ئېلىپ تۆت تامنىڭ ئىچىدىلا ياتمايمىز. بىز كۆچمەن خەلق
باشلىقلىرىنىڭ خەلقتىن ئالىدىغان پۇلى (مۇئاشى دىمەكچى) مۇ-
شۇ ! - دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كىشىلەر:
«پاھ! جاقىپ تەيجىنىڭ يۈرىگى چوڭ ئادەم ئىكەن، شەنجاڭنى
گەپ بىلەن سوقۇۋەتتى. شەنجاڭ گەپ تاپالماي ئاغزى ئېتى-
لىپلا قالدى» دەپ جاقىپنى بىر مەزگىل كۆككە كۆتىرىپ
ماختاپ يۈرۈشتى.

شەنجاڭ جاقىپنىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ پۇرسەت
كۈتۈپ يۈردى. لېكىن بۇنىڭدىن جاقىپ خەۋەرسىز ئىدى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا جاقىپ تەيجىنىڭ ئوغلى ئوسمان،
ئېبسەغاسى ئۇرۇقىدىن قانجىغا دېگەن كىشىنىڭ تۇل قالغان
خوتۇنىنىڭ موزايلىق يالغۇز كالىسىنى تارتىۋېلىپ سويۇپ
يەيدۇ. بۇ زورلۇققا چىدىمىغان تۇل خوتۇن قازىبېك ئېبسەغا-
سى ئۇرۇقلىرىنىڭ باشلىقى بۇلان دېگەن كىشىگە ئەرز قىلى-

دۇ، جاقىپ تەيجى بارقى ئۇرۇغىدىن بولۇپ، ئىبسەغاسى قازى-
بېك ئۇرۇغلىرىنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ كەلگەن ئىدى.
بۇلان بىلەن جاقىپنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىرى كۈچلۈك ئىدى.
بۇ زىددىيەت ئىچىدە تۇرغان بۇلان تۇل خوتۇننىڭ ئەرزىنى
بانا قىلىپ، تۇل خوتۇنغا ئادەم قوشۇپ بۈرچىننىڭ شەنجاڭىغا
ئەرز بەرگۈزىدۇ. شۇ قاتاردا بۇلان ئۆزىمۇ جاقىپ تەيجىنىڭ
ئىبسەغاسى، قازىبېك ئۇرۇغلىرىنى ھەددىدىن تاشقىرى بوزەك
قىلىشلىرى، ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق ئېلىش ئەھۋاللىرىنى ئەرز
قىلىپ ئىككى ئۇرۇغدىن 40 ئادەم ئەگەشتۈرۈپ شەنجاڭغا
ئەرزگە كېلىدۇ. بۈرچىن شەنجاڭى تۇل خوتۇننىڭ ۋە باشقا
خەلقنىڭ ئەرزلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوسماننى
چاقىرتىپ تۈرمىگە قاماپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ
ئەرزلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن جاقىپنىمۇ چاقىرتىپ بۇلان
بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە بۇلان بىلەن جاقىپ شەنجاڭ-
نىڭ ئالدىدا دەۋالىشىدۇ. جاقىپ ئۆزىنىڭ خەلقتىن 1500
قوينى ئورۇنسىز ئالغانلىقىنى بويىنىغا ئالىدۇ. يەنە ئېشەي
ئىسىملىك (جاقىپنىڭ سودا ۋاكالەتچىسى) كىشىگە يالغان
ھۆججەت بىلەن 150 تۇياق قوي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار
قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بولان شەنجاڭنىڭ ئالدىدا ئېشەيدىن
150 قوينى نەق قايتۇرۇۋالىدۇ. جاقىپ قالغان 1500 تۇياق قوينى
1921-يىلىنىڭ 5-ئېيىدا تۆلەشكە تامغا بېسىپ ھۆججەت
بېرىدۇ.

لېكىن ئالتايدىكى ۋاڭ، گۇڭ ۋە 4 بەگ ئۆزئارا بىر-
لىشىپ جاقىپقا يار-يۆلەك بولىدۇ. ئۇلار جاقىپقا قوي تۆلەتمەس-
لىك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوسماننى تۈرمىدىن بوشىتىۋېلىش مەقسىتىدە



ھەرىكەت قىلىدۇ، شەنجاڭنىڭ ئۈستىدىن ئۈرۈمچىگە ئەرز بېرى-
دۇ. لېكىن ھېچ نەتىجە چىقىرالمايدۇ. شەنجاڭمۇ بۇلارنىڭ
ھەرىكەتلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇلار ئىلاجسىز قوبىق-ساۋىر-
نىڭ تورغۇت چىڭۋاڭىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. تورغۇت ۋاڭنىڭ
سورۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئوسمان 1921-يىلى 2-ئايدا تۈرمىدىن
بوشىنىپ چىقىدۇ. شەنجاڭ جاقىپنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئالۋاڭ
توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، بۇ تەدبىر-
نى ئىشلىتىشى، ئالتايدىكى فېئودال مەنسەپ ئىگىلىرىگە بېرىل-
گەن تۇنجى زەربە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

ئۇ زاماندىكى ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە ئادىل بولمىسىمۇ،
يەرلىك خەلق شەنجاڭنىڭ زومىگەر جاقىپقا مۇنداق زەربە
بېرىشىنى كۆرۈپ «خەلقچىل، ئادىل جۇڭخۇا مىنگو دىگەن
ھۆكۈمەت مۇشۇنداق بولىدىكەن» دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىپ يۈردى.

1921-يىلى ئەلەن ۋاڭ، خانافىيا بېيىسلەر ئۈرۈمچىگە
كېلىپ، ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن سوغاتلار بېرىش ئارقىلىق كۆ-
رۈشتى. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى ئۆز قارمىقىدا 300 دىن ئەسكەر
تۇتىدىغان بولۇشتى، قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇز ئاتار، پەرەڭ
مىلتىق، كۆپلىگەن ئوق-دورا ۋە بىر مۇنچە ھەربىي تەمىنات-
خىراجەتلەر ئېلىپ قايتىشتى. بۇ ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئال-
تاينى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىم ئەلەن ۋاڭ تىيانشان
باغرىدىكى قازاقلاردىن 150 نەپەر ئەسكەر ئالدى. شۇ يىلى
5-ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ قاچقان گېنې-
رال باكىچ باشچىلىقىدىكى 10 مىڭ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى
تارباغاتاي ئارقىلىق ۋەتىنىمىز تېررىتورىيىسىگە ئۆتۈپ ئالتايغا
كەلدى. ئالتايدىكى جۇداۋيىڭ ئۇلارنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن

ئېرتىش دەرياسىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسىدى. باكىچ توسقۇچىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ سارسۇمبە شەھرىگە كىرىۋالدى. باكىچنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەن چاغدا، جۇۋاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بۇرچىننىڭ شەنجاڭى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتتى، بۇ چاغدا ئەلەن ۋاڭ بىلەن خانافىيالار جىمنەيدىكى ئەلەن ۋاڭ ئاۋۇلىدا ئىدى. ئەلەن ئۆز ئۆيىدە قېلىپ، خانافىيا بېيىسى ئالتايغا بېرىپ باكىچ بىلەن ئۇچراشتى.

باكىچ خانافىياغا: «بىز قىزىللاردىن يېڭىلىپ قېچىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ھۆكۈمەت قۇرۇپ ئەل سورىمايمىز، داۋىيىڭنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى. سىلەر ئۆزەڭلەرنى ئۆزەڭلەر باشقۇرۇڭلار» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خانافىيا بېيىسى ۋاقىتلىق داۋىيىڭ بولۇپ سايلاندى، داۋىيىڭنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا زەكەرىيەنىڭ ئوغلى ساغىدۇللا بېيىسى، ئۆمەرتاي ئوغلى ئەبىلمەجىن گۇڭلار بەلگىلەندى.

باكىچلار قازاق ـ موڭغۇللارغا ۋە ئاۋالدىن ئورۇنلىشىپ قالغان خەنزۇ دىخانلارغا تەگمىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ۋە خەنزۇ ـ خۇيزۇ بايلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ مۈلۈكلىرىنى ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا خانافىيا باشچىلىقىدىكى مەنسەپ ئىگىلىرى باكىچ ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئالتاي، قوبدا قازاقلىرىدىن 10 مىڭ قوي، 3000 كالا، 1000 دانە ئات يىغىپ بېرىدىغان بولۇپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى ۋە باكىچنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ ئەۋەتىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ماللارنى



يىغىپ بېرىشتى. بۇ مالنىڭ جىمنەي ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنى ئەلەن باشچىلىقىدىكىلەر بېرىشكە ئۇنىمىدى. قوبدا قازاقلىرىدىن قىيۇباي باشلىغان ئەل بەرگەن بولسىمۇ، دوربىتقان، دەلىلقانلار قارمىغىدىكى ئەل بەرمىدى.

بۇ چاغدا جاڭ مىڭيۈەن دىگەن سىلىڭ 800 ئەسكەر بىلەن ئالتاينى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىدۇ. بۇلار قوبۇقۇقا يېتىپ بارغاندا، ماي قاپچىغاي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇ جايدا توختاپ تۇردى. 8 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى جىمنەي، ئالقابېك چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ باكىچ بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقاردى. باكىچ ئەسكەرلىرى بىلەن ئورمىگەيتى داۋىنى ئارقىلىق قوبداغا ئۆتۈپ، ئات، كالا، قويلارنى بەرمىدىڭ دىگەن بانا بىلەن دوربىتقان بىلەن دەلىلقان ئىككىسىنى تۇتۇۋالىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئاۋۇللىرىنى بۇلاپ، دوربىتقاننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. دەلىلقان قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

باكىچ كەتكەندىن كېيىن قوبۇقتىكى جاڭ سىلىڭ ئالتايغا كېلىپ داۋىيىڭ بولدى، قىزىل ئارمىيە ئالقابېك، جىمنەي چېگرىلىرى ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ چاغدا، خانافىيا باكىچقا سېتىلىپ كەتتى، ھۆكۈمەت چارە كۆرۈشى مۇمكىن دەپ يۈرۈشتى، لېكىن خانافىيانى جاڭ داۋىيىڭ ئالتاي خەلقىنى قاچقۇنلارغا تالان ـ تاراج قىلدۇرماي ساقلاپ قالدى، دەپ مەدھىلەپ مۇكاپاتلىدى.

شۇ يىلى ئالتاي خەلقى زور دەرىجىدە ئېغىرچىلىققا دۇچار بولغان يىل بولدى، مەسىلەن: ھەر خىل قالايمىقانچىلىق بولۇش

تىن تاشقىرى باكىچ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالۋاڭ - ياساقلىرى خەلققە نۇرغۇن زىيان يەتكۈزدى، بۇ ئاۋارىچىلىقلار سەۋەبىدىن دىخانلار ۋاقتىدا تېرىقچىلىق قىلالمىدى، قىشلىق ئوت - چۆپ تەييارلىيالمىدى. شۇنداق قىلىپ 1921 - يىلىنىڭ چىقىشى، 1922 - يىلىنىڭ كىرىشىدە، قىش ۋە كۆكلەم ئايلىرىدا مال چارۋا «ئاق سۆڭەك» جۇتقا ئۇچرىدى. خەلق ئېغىر ئاچارچىلىقتا قالدى، شۇ يىللىرى ئالتايدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ، دىگەن سۆزلەر بولغان ئىدى.

1922 - يىلى جاقىپ تەيجى ئۆزى ئىقرار قىلىپ تىلخەت بەرگەن 1500 قوينى تۆلىمىگەننىڭ ئۈستىگە ئىسەغاسى، قازبېك ئۇرۇغلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىزىپ، بوزەك قىلىشنى توختاتمىدى. بۇنىڭغا قارشى بولان باشچىلىغىدىكى ئىسەغاسى، قازبېك ئۇرۇغلىرى 90 ياشلىق داۋۇت دىگەن يۇرتنىڭ ئاقساقالى باشلىق 70 ئادەم قول قويۇپ جاقىپنىڭ ئەلگە قىلغان زۇلۇملىرى، خەلقنىڭ ئۇنىڭ يۇرت سورىشىغا نارازى ئىكەنلىكى ھەم تىلخەت بەرگەن 1500 قوينى تۆلىمىگەنلىكى ھەققىدە جاڭ داۋيىڭغا ئەرز قىلدى. بۇ ئەرزنىڭ روھى بويىچە دەۋا سورۇلۇپ ئالتايدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك فېئودالار تەرىپىدىن ئەينى ۋاقىتتا جاقىپقا بۆلۈپ بېرىلگەن 5 زەڭگى ئەل، يەنى 800 ئۆيلۈك نوپۇس تارتىۋېلىنىپ، بۇ قېتىمقى دەۋادىن كېيىن جاقىپنىڭ بىۋاستە قارمىغىدا پەقەتلا بىرلا زەڭگى ئەل، يەنى بارقى ئۇرۇغىلا قالدى. قالغان 4 زەڭگىلىك ئەلنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلىرىنى بولان باشقۇرىدىغان بولدى. جاقىپنىڭ بىر يىللىق ئالۋاڭغا ئالدىن بولان ئارقىلىق 132 قوي يىغىپ بېرىشكە قارار بولدى. نەتىجىدە جاقىپنىڭ ئىسەغاسى، قازبېكلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، ئۆز مەيلىچە



خەلقتىن ئالۋاڭ ئېلىش ئىشلىرى چەكلەندى. فېئودالىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە بوزەك قىلىپ ئىزىشنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىدىغان بۇ پاكىتلار ھەممىنىڭ كۆزى كۆرگەن ئىشلار ئىدى. مۇنداق زۇلۇملار باشقا قەبىلە ئۇرۇغلىرىدىمۇ ئوخشاشلا يۈرگۈزۈلۈپ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. مەسىلەن: بۇرچىندىكى جادىك ئۇرۇغىدىن چىققان كەكەن تەيجىنىڭ زۇلمىغا قارشى قول ئاستىدىكى ئەل بىر نەچچە نۆۋەت يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز تۇتقان. فېئودالارنىڭ رەھىمسىز ئىزىشى، زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى توغرۇلۇق ئالتاي خەلقى يەرلىك ھۆكۈمەتكە دائىم دات ئېيتاتتى، لېكىن ئۇ چاغدىكى فېئودالار بىلەن بايلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يەرلىك ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تەلىۋىنى ھەل قىلىپ بېرىشى بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئېتىۋارمۇ بەرمەيتتى.

بۇ ئەرز تەلەپلەر ئالتايدا ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن بىچارە خەلق ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئىزدىنەتتى. مەسىلەن: 1925 - يىلى بولان ئەرز قىلىپ ئۇرۇمچىگە كەلدى، دەل مۇشۇ مەزگىلدە زۇلۇمغا چىدىمىغان كۆپلىگەن ئۇرۇغ - قەبىلىلەر چەت ياقىلارغا قېچىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئالتايدا خەلق سانى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. 1903 - يىلى جاقىپقا 1600 ئۆيلۈك نوپۇس قارايتتى. 1925 - يىلىغا يەتكەندە جاقىپنىڭ قول ئاستىدا پەقەت 800 ئۆي قالغان. لېكىن ئەلنىڭ نوپۇس سانى ئازايسىمۇ، فېئودال مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ پىلتا ۋاڭ ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا بەلگىلىنىپ قالغان ئالۋاڭ - سېلىقلىرى شۇ بويىچە ئېلىنىۋەردى. مەسىلەن: جاقىپنى ئالساق، 1600 ئۆيلۈك ئەلدىن ئالىدىغان ئالۋاڭ سېلىغى نوپۇس ئازلاپ 800 ئۆيلۈك بولۇپ قالغاندىمۇ كېمەيتىلمەي ئېلىنىپ تۇرۇلدى.

بۇ خىلدىكى ھەددىدىن ئاشقان ئېكسپىلاتسىيە خەلق ئۈچۈن ئېغىر ئاپەت بولدى، بۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلىپ كېلىشتىكى مەقسىدى خەلق ئۈستىدىكى بۇ ئېغىرچىلىقنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ خەلقنىڭ نارازىلىقلىرىنى ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلدى. نەتىجىدە ھەر دەرىجىلىك فېئودال مەنسەپدارلارنىڭ ئالىدىغان سېلىقلىرى ئاۋالقى ساندىن 50 % كېمەيتىلدى.

1922 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە مىڭخا شۆتاڭ ① مەكتىۋىنى قۇردى، بۇنىڭغا بىرىنچى قارار بولۇپ ئەلەن ۋاڭنىڭ ئوكىسى شەرىپقان ئوقۇشقا كىردى. شەرىپقان كەلگەندىن كېيىن ئالتايدىن بىر قانچە يۇقۇرى دەرىجىلىك فېئودال مەنسەپدارلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوقۇشقا كېلىشتى، دېمەك بۇ، ئالتايلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇشى ئىدى.

1927 - يىلى شەرىپقان مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بورۇلتوقايغا شەنجاڭ بولۇپ باردى. 1928 - يىلى فەن ياۋنەن باشلىق بىر نەچچە كىشى ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئەمما ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن ھەربى كۈچ بىلەن فەن ياۋنەننى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى، دېگەن خەۋەر تارقالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئالتايدىكى جاڭ داۋېيلىڭ شەرىپقان، خانافىيالار بىلەن بىرلىكتە بىز (ئالتايىنى دېمەكچى) ئۈرۈمچىگە قارىماستىن بېيجىڭگە بىۋاستە قارىساق دېگەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇلار بۇ ھەقتە ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى مېلىكوف بىلەن سۆزلەشكەندە مېلىكوف بۇلارنىڭ پىكرىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەلەپلىرىنى موسكۋا ئارقىلىق

① مىڭ خا شۆتاڭ - موڭغۇل - قازاق مەكتىۋى مەنىسىدە.



بېيجىڭگە يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ئەرز - ئىلتىماسقا ئەلەن جۇنۋاڭ بىلەن قوبۇق - ساۋىرنىڭ چىڭۋاڭى قول قويۇپ تامغا بېسىشى لازىم ئىكەن، لېكىن ئۇ ئىككىسى قول قويۇپ تامغا بېسىشقا ئۇنىمىغان.

جاڭ داۋېيلىڭ بىلەن شەرىپقانلارنىڭ يۇقۇرقى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى تەرەپتىن كۆرگەن ھازىرلىقى ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا ئەسكەر كەلتۈرمەسلىك بولدى. بۇ چاغدا ئالتايدا لىيۇ فامىلىلىك يىڭجاڭنىڭ قول ئاستىدا 600 قوراللىق ھەربى قوشۇن بار ئىدى، يەنە جاڭ داۋېيلىڭنىڭ قولىدا 3000 دانە بەش ئاتار، ئەلەن بىلەن خانافىيانىڭ قولىدا 300 دىن 600 غىچە توققۇز ئاتار، پەرەڭ مىلتىق، تورغۇت چىڭۋاڭىدا 600 دانە توققۇز ئاتار، پەرەڭ مىلتىقلار بار ئىدى، مۇشۇ بار قوراللاردىن ھەم خەلق قولىدىكى بار مىلتىقلارنى قوراشتۇرۇپ، جاڭ داۋېيلىڭ، شەرىپقان، خانافىيالار 5000 ئەسكەر توپلاپ ئۈرۈمچىگە قارشى قويۇشنى پىلانلىدى. بۇ چاغدا خانافىيانىڭ ھەربى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان شىڭ فامىلىلىك سەنمۇجاڭى كۆرۈنۈشتە بۇلارغا قوشۇلغان بولۇپ ئاستىرتتىن جىن شۇرېنغا مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ. مەلۇمات قولىغا تېگىشى بىلەن جىن شۇرېن دەررۇ لويىڭجاڭنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ يىڭجاڭنى ئەسكەر باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى.

ۋاڭ يىڭجاڭ ئاشكارا ھالدا كېلىپ خىزمەت ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋاتقان چاغدا، جىن شۇرېن ۋې جىڭگو دېگەننىڭ باشچىلىقىدا كۆپلىگەن ئەسكەرنى ئالتايغا يوشۇرۇن تۈردە ماڭدۇرىدۇ. ئۇلار بېيتىڭ ئارقىلىق ئالتايغا كېلىپ يوشۇرۇنچە ۋاڭ يىڭجاڭ-

نىڭ گازارمىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ كىرىۋالغاندىن كېيىن 1928 ـ
يىلى جاڭ داۋيىڭنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ
ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شەرىپقانىمۇ شىنجاڭلىق خىزمە ـ
تىدىن ئېلىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ گۇۋىن دېگەن
مەنسەپ بىلەن توختىتىپ قويدى.

ئالتايغا ۋۇ جىڭگو ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، فېئودالىق
ئالۋاڭ ـ ياساق ئېلىش، خەلقنى ئېزىش جەھەتتە ھېچقانداق
ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان باش ـ
لىقلار ياخشى ئات، بۈلغۈن، قۇندۇز قاتارلىق قىممەت باھالىق
نەرسىلەرنى سوغات قىلىپ ئەكەلگەندىلا ئاندىن كۆرۈشەلەيتتى.
بۇ چاغدا خانافىيا ئالتاي چېگرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش
دېگەن بانا بىلەن، تاشقى موڭغۇل بىلەن ئۆتىشىدىغان ئۆرمە ـ
گەيتى، تويتۇغىش، كىتىك ئارشاڭ دېگەن يەرلەرگە 15 تىن
ئەسكەر توختاتتى، بۇ ئەسكەرلەر بۇ يەرلەردە يازچە تۇرۇپ،
قىشلىغى قار قېلىن ياققاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلەت ـ
تى، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى بىلەن سويىدىغان قويلىرى پۈ ـ
تۈنلەي خەلقتىن ئېلىناتتى، بۇنىڭ سىرتىدا خانافىيانىڭ قار ـ
مىغىدا مىڭ ئۆيلۈك نوپۇس بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن
بىرەر جايغا بارماقچى بولسا خانافىيادىن مىلتىق ئارىيەت
ئېلىپ، ئەل ئىچىگە بارغاندا بىز خانافىيانىڭ ئەسكىرى،
خىزمەت بىلەن كېتىۋاتىمىز دەپ خەلقتىن ئالۋاڭغا ئات تۇتۇپ
مىنەتتى. ئەلەن ۋاڭمۇ يولنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلايمەن دەپ،
مۇقىرتاي، بۇرۇلتوقاي دېگەن ئىككى جايغا 15 تىن 30 ئەسكەر
ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ يولنى مۇھاپىزەت قىلغىنى شۇنچىلىك
بولدىكى، ئالتاي چارۋىچىلىرى قوي قىشلىتىش ئۈچۈن ساۋىرغا
كۆچكەندە، ئۆتكەن كۆچمەنلەرنىڭ ھەر قاندىغىدىن ئوزۇقلىغىمىز



ئۈچۈن دېگەن بانا بىلەن سىمىز ماللىرىنى مەجبۇرى تارتىۋا ـ
لاتتى، زورلۇق بىلەن ئاتلىرىنى تۇتۇپ مىنەتتى. ئۇلار كۆچمەن ـ
لەر ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقتىن، بىچارە خەلق
قوي، ئاتلىرىمىزنى تۇتىۋالدى، دەپ كېچىلەپ ئوغرىلىقچە
كۆچەتتى، يېقىن جايغا قونمايتتى. بۇ قورۇقچىلار مۇشۇنداق
داجىپ يۈرۈپ كۆچۈۋالغان ئەلنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ
كېلىپ ئادەملىرىنى ئۇرۇپ، ئاتلىرىنى بۇلاپ مىنىپ، قويلىرىنى
خالىغىنىچە خىللاپ ئېلىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ساغىندىق ئىسىملىك
بىر ئەسكەر:

مېنىڭ ئىسمىم ساغىندىق
ئەسكەر بولۇپ قاغىندىق (قۇترىدۇق).
قويىڭنى ھەيدەپ قاچىدىغان،
سىلەرگە بىز نېمە قىلدۇق؟
ئىزلەيمىز دەپ سىلەرنى،
ئات چارچىتىپ قىينالدۇق.
ئات، قويىڭنى تەييار قىل،
دىمىسەڭلەر بۇلاندۇق (تالاندۇق).
ئاسمانغا چىقساڭمۇ قويمايمىز،
قېشىڭلاردىن تېپىلدۇق.

دەپ ئۆلەڭ ئېيتىپ، خەلقنىڭ يۈرىگىنى مىجىپ ئات ئوينىتار
ئىكەن.

ۋۇ جىڭگو ئىش بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قازاق، موڭغۇل
كۆچمەنلىرىنىڭ دېخانچىلىق سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى
چەكلىدى. سىلەر چارۋىچى بولغاندىن كېيىن باشقا كەسىپ

قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەقەت چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇلـ
لىنىسىلەر، دىدى. ئۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ سودىگەرلىرى بىلەن بىرـ
لىشىۋېلىپ خەلقنى زۇلۇكتەك شورىغىلى تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن بولغان سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئۇيغۇردىن ئەمەتقۇل،
خەنزۇدىن جاڭ فامىلىلىك باي سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ
بەردى. ئۇلار خەلقنىڭ خام ماللىرىنى ئۆز مەيلىچە تۆۋەن
باهادا ئېلىپ سوۋېتكە بىۋاستە ئۆتكۈزۈپ مال ئەكىلەتتى. ئۇ
زاماندا بىردانە تاشچاينىڭ باهاسى 2 دانە ئىككى چىشلىق
قويغا توغرا كېلەتتى، ئەڭ ئەرزان دىگەندە بىر چايغا بىر
قوي ئاران كېلەتتى، رەختنىڭ باهاسىمۇ بەكمۇ يۇقۇرى
دەرىجىدە قىممەت ئىدى. سودىگەر بولۇشقا قازاقلارمۇ
ئىنتىلىپ باقتى، لېكىن ۋى جىڭگو قازاق خەلقىنىڭ سودىگەر
بولۇشىغا يول قويمىدى، ئەز زالىڭ دىگەن كىشىلەر سوۋېتلەر
بىلەن سودا توختاملىرى تۈزۈپ مال ئالماق بولۇشۇپتۇ، لېـ
كىن جىمىنەي چېگرىسىدىن ئېلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن
تارباغاتاي ئارقىلىق ئالماق بولۇپ يولغا چىققاندا، ۋى جىڭـ
گو قازاق بەدىنى چاقىرتىپ كېلىپ تۈرمىگە سولاپ قويغان،
ئەمما مەنكەي خانافىيانىڭ ئۆكىسى بولغانلىقتىن ئۇنى
قاماىمىدى.

ۋى جىڭگو هۆكۈمەت بېشىغا چىقىۋېلىپلا خەلقنى ئىقتىساـ
دىي جەھەتتىن بوغۇپ تاشلىغانىنىڭ ئۈستىگە قانخورلۇق ھەركەت
ئېلىپ باردى.

1930 ـ يىلى زۇقا ھاجى دىگەن كىشى ئەلگە باشلىق
بولۇۋالغان فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى چىقىپ كۆكتوقايدا
قۇراللىق ئادەم توپلاپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، موڭغۇلىيىدىن
مال بۇلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئەل بىلەن باشقا



فېئودال هاكىمىيەت ئىگىلىرىگە بويسۇنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ۋى جىڭگو مەخسۇس ئەسكەر ئەۋەتىپ زۇقانى ئۆلتۈرۈپ بېـ
شىنى كەستۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە زۇقانىڭ ئاـ
ۋۇلىدىن هامىلدار ئايال، ياش بالا ۋە قونۇپ ياتقان مېھـ
مانلاردىن بولۇپ يىگىرمىچە بىگۇنا كىشىنى قىرىپ تاشلىدى.
بۇ چاغدا زۇقانىڭ ئوغلى سۇلتان شەرىپ قۇراللىق ئادەملىرىـ
نى باشلاپ زۇقانىڭ بېشىنى ئالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىـ
دىن قوغلاپ سوقۇشۇپ 2 ـ 3 ئەسكەرنى ئۆلتۈردى. ئارقىـ
دىن ئادەملىرىنى تولۇقلاپ هۆكۈمەتكە قارشى ھەركەت باشـ
لىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ۋى جىڭگو خەۋەر تېپىپ، چاقاباي
ئۇرۇغىنىڭ تەيجىسى جانىمقاننى (باندىت) ئۇلارغا نەسىھەت
قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋى جىڭگو ئۇلارغا تەگمەيدىغانلىقىنى، قۇرالـ
ياراقلىرىنى تارتىۋالمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىپ، زۇقانىڭ
بېشىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

زۇقانىڭ بېشىنى سارسۇمبە شەھرىنىڭ كوچىسىغا ئېـ
سىپ قويغان ئىكەن، جانىمقان زۇقانىڭ بالىلىرىغا نەسىھەت
قىلىپ ئۇلارنى سارسۇمبىگە ئەكەلدى، ۋى جىڭگو سۇلتان شەـ
رىپكە دادىسىنىڭ بېشىنى ياندۇرۇپ بەردى، مىلتىق قۇراللىرىغا
تەگمىدى، شۇنداق قىلىپ مەسىلە زورايماي توختاپ قالدى.
لېكىن خەلق بۇنىڭغا نارازى بولۇپ: هۆكۈمەت ئالدىدا ئەيىپـ
لىك بولسا زۇقا ئەيىپلىك، هۆكۈمەت ئەسكەرلىرى گۇناسىز
ئادەملەرنى نىمە ئۈچۈن قىرىپ تاشلايدۇ، دەپ قاتتىق غۇلغۇلا
قىلىشتى ۋە بۇ ئىشقا قايىل بولمىدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە ۋى جىڭگو چىڭگىلغا ئەسكەر
ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى بازارقۇل ئۇرۇغىدىن چىققان جانتايـ
لاق دىگەن ئۇرۇغ باشلىغىنى هۆكۈمەتكە بويسۇنمىدى

دىگەن بانا بىلەن ئېتىۋەتتى. خەلق بۇنىڭغىمۇ قاتتىق نارازى بولۇپ، خەلققە گۇناسىنى ئۇقتۇرماي تۇرۇپ خالىغانچە ئادەملەرنى ئېتىۋەرسە بۇ ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدىكەن دەپ، ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق كەيپىيات تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

قوبدا قازاقلىرىنى 1922-يىلدىن باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئالتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ئىدى. 1930-يىلى قوبدىدىكى چېرۈچى ئۇرۇغىنىڭ باشلىغى تەيجى دەلىلقان سوگۇربايۇپ، سارسۇمبىگە سالتاڭ ئات بىلەن قېچىپ كەلدى. دەلىلقان كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ۋى جىڭگو چاقىرتىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. جىن شۇرېن، ئەلەنۋاڭ، خانافىيالارنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئۇنى ئالتاينىڭ 4 ناھىيىسىگە تارقىلىپ ئورۇنلاشقان چېرۈچى ئۇرۇغىغا تەيجىلىككە بەلگىلەپ سەنشى① دېگەن مەنسەپ بېرىپ قايتۇردى. 1931-يىلى دەلىلقان قوبدىدا قالغان بالا-چاقىلىرىنى يوشۇرۇنلۇقچە ئەكىلىۋالدى.

1932-يىلغا كەلگەندە قوبدا قازاقلىرىمۇ بۇزۇلۇپ، چېرۈچى ئۇرۇغىدىن 1000 ئۆيدىن ئوشۇق ئەل ئالتايغا قېچىپ كەلدى. لېكىن ۋى جىڭگو ئۇلارغا ئەھمىيەت بەرمىدى، جاي كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇرمىدى. بۇ ھالدا كۆچۈپ كەلگەن ئەل مەلۇم دەرىجىدە ئاپەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، ھۆكۈمەتكە قارىتا نارازى بولۇشتى.

ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ تۇرغان بۇ پەيتتە، 1932-يىلىنىڭ 11-ئايلىرى ئۈرۈمچىدە

① سەنشى — مەسلىھەتچى مەنىسىدە.



گۇۋېن بولۇپ تۇرغان شەرىپقان جىمىنەيدىكى ئۆيىگە قېچىپ كەلدى. شەرىپقان ئۆيىگە كېلىپلا ئەتراپىدىكى ئەل يىگىتلىرىنى تەشكىللەپ قوراللاندۇردى.

جىن شۇرېن ۋى جىڭگو ئارقىلىق: «شەرىپقان ئۇقۇشماسلىقتىن قېچىپتۇ، قايتىپ كەلسۇن، قارشى ئالىمىز» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. لېكىن شەرىپقان ۋى جىڭگونىڭ ئادەملىرىگە ئۆزىنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى قوغلىۋېتىدۇ. ۋى جىڭگو شەرىپقاننى قايىل قىلىپ ئەكىلىشكە 60 قا يېقىن قوراللىق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، لېكىن بۇ ئەسكەرلەر شەرىپقاننىڭ قولىدا نۇرغۇن ئەسكەر بارلىقىنى ھەم ئۇنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي يېرىم يولدىنلا قايتىپ كېتىشىدۇ.

بۇ چاغدا شەرىپقان جىمىنەيدە تۇرۇپ، ئالتايدا قوزغىلاڭ قىلىمەن دەپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئىدى.

1933-يىلى 3-ئايدا قۇمۇلدىن ماجۇڭيىڭ ئادەملىرىدىن 6 نەپەر كىشى بۇرۇلتوقايغا كەلدى، ئۇلار بۇرۇلتوقاي خەلقىگە: «بىزنى سىزلەرگە ماجۇڭيىڭ ئەۋەتتى، بىز گەنسۇدىن شىنجاڭغا كەلدۇق، قۇمۇل ئازات بولدى. ھازىر خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىنى ئېلىشقا ئەسكەرلەر ماڭدى. بىز ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتاي خەلقى قوزغىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى لازىم» دەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى.

ۋى جىڭگوغا — ھۆكۈمەتكە نارازىلىقى كۈچىيىپ تۇرغان بۇرۇلتوقاي ئېلى بۇ تەشۋىقاتنى ئاڭلاش بىلەنلا قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئالدى بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ باج يىغىشقا بارغان كىشىلىرىنى ئۆلتۈردى، ئارقىدىن بۇرۇلتوقاي شەھـ

رىنى بېسىۋالدى، شەنجاڭ سارسۈمبىگە قېچىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ بۇرۇلتوقاينى ئالغاندىن كېيىن ھېلىقى ماجۇڭيىڭ ئادەملىرى بۇرۇلتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ سارسۈمبىگە قاراپ ئاتلاندى. بۇلارغا جانىمقان (باندىت) باشلىغان چاقاباي ئورۇغى قوشۇلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 6 نەپەر ئادەم كېلىشى بىلەن بۇرۇلتوقاي ئېلى قوزغىلىپ بۇرۇلتوقاينى بېسىۋالغىنىنى ئاڭلىغان ۋىجىڭگو، سارسۈمبىدىن خۇيزۇ ئابدۇللا شاڭزۇڭ بىلەن ئۇيغۇر موللاخۇن شاڭزۇڭ دىگەن ئىككى كىشىنى ئەلچى قىلىپ بۇرۇلتوقايغا ئەۋەتتى، لېكىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بۇرۇلتوقايلىقلار ۋىجىڭگونىڭ بۇ ئەلچىلىرىنى تۇتىۋالدى. بۇ چاغدا ۋىجىڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالتايغا قېچىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان روسلاردىن، خەنزۇ دىخانلىرىدىن ھەم موڭغۇللاردىن ئەسكەر تەشكىللەپ، ئىسلام دىنىدىكىلەرنى چەكلەشكە كىرىشتى. سارسۈمبىدىكى بارلىق ئىسلام دىنىدىكىلەرنى قورشاۋغا ئالدى. تاغدىكى خەلقنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. بۇ ئىشقا قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، تاتار قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئېتىۋار قىلىنىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېررورلۇق ھەددىدىن ئېشىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلقلەر تېخىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى.

بۇرۇلتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى سارسۈمبىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئاۋناڭ دىگەن يېرىگە كەلگەن ۋاقىتتا، ۋىجىڭگو ئۇلارغا قارشى روس، خەنزۇ، موڭغۇللاردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، زەمبىرەكلەردىن ئوق ئېتىپ قارشى تۇردى. نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار يېڭىلىپ



قاچتى، قايتا سوقۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ھالدا ئالتاي ناھىيىسىدىكى جانىمقان دىيارىدىكى چاقاباي ئورۇغى ۋە بۇرۇلتوقاي ئېلى ئۆز جايلىرىدا داۋاملىق تۇرالمىدى. شەرقىي كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، بۇ چاغدا خانافىيا تېخى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغان ئەمەس ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ دىنى مۇناسىۋەتكە قاراپ گۇمان قىلغان ۋىجىڭگو خانافىيانى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى.

ۋىجىڭگونىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان جاڭسەنمۇ دىگەن ئادەم خانافىيا بىلەن بۇرۇندىنلا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەچكە بۇ ئەھۋالنى خانافىياغا خۇپىيانە مەلۇم قىلىپ قويدى. خانافىيامۇ دەررۇ ئادەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆز قارمىقىدىكى ئەلنى كۆكتوقايغا كۆچۈردى. شۇ قاتاردا ئالتاي ناھىيىسىنىڭ باشقا ئورۇغلىرىمۇ: «كۆكتوقايغا كۆچۈڭلار، بولمىسا ۋىجىڭگو قىرىپ تاشلايدۇ» دەپ ئۈركۈتۈش قىلىندۇ. شۇنداق قىلىپ ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ھەممە خەلقى قوزغىلىپ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 4 ناھىيە خەلقىنىڭ ۋىجىڭگوغا، يەنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە قارشى باشلىغان قوزغىلىڭىغا قاتناشتى. بۇ چاغدا ۋىجىڭگومۇ ئۆزىنىڭ قانخورلىغىنى رەسمى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوروس، خەنزۇ، موڭغۇللاردىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەر بۇرچىن ناھىيىسىگە قاراشلىق قۇم، قاناس دىگەن جايلاردىكى بىرەر يۈز ئائىلىلىك قازاقلاردىن 300 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ياش ئاياللار بىلەن قىزلارنى زورلۇق بىلەن ئولجا قىلىپ ئېلىشتى، مال-مۈلۈكلىرىنى تامامەن بۇلىدى. شۇنىڭدەك ئالتۇن كولاۋاتقان خۇيزۇلارنىمۇ دەھشەتلىك ھالدا قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلارمۇ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

قوزغۇلاڭچىلار كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارا ئېرتىش رايونىدا ئون مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر تەشكىللەپ سارسۇمبە شەھرىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار سارسۇمبىگە يېقىنلاپ كەلگەندە ۋى جىڭگونىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنى قاندىغاتاي (لاماجاۋ) دىگەن يەردە تامامەن قىرىپ تاشلىدى.

قوزغۇلاڭچىلار دەسلەپكى ھۇجۇمدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتقاندىن كېيىن ۋى جىڭگو ئىلگىرى ئەۋەتكەن، قوزغۇلاڭچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان ئەلچىلەر موللاخۇن، ئابدۇللا شاڭزۇڭلار بوشۇنۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ۋى جىڭگو ئۇلارغا ئىشەنمەستىن ئىككىسىنى تۈرمىگە سولاپ كېيىن ئابدىراخمان شاڭزۇڭ دىگەن كىشى بىلەن قوشۇپ ئېتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ۋى جىڭگو بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەن سەغىدۇللا بېيىسىنىمۇ شەھەردىن چىقارماي نەزەربەنت قىلىپ قويغان ئىدى، ئەمدى بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى قاماپ قويغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ئوت قويۇۋەتكەندە سەغىدۇللا بېيىسى دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ قۇتۇلدى. سەكرىگەندە مېڭىسى سىلكىنىپ كەتكەنلىكتىن كېيىن ساراڭ بولۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ۋەھشىلىكتە ھەددىدىن ئاشقان ۋى جىڭگو يەنە پۈتۈن شەھەرگە، ئوزۇق-تۈلۈك، ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. ئەڭ ئاخىرى ئەسكەرلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى.

ئورۇسلار ۋە موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەر قۇم دىگەن يەرگە جايلىشىۋېلىپ قوزغۇلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇپ، بۇ-



لاڭچىلىق قىلىشقا باشلىدى. جۇملىدىن قابا ناھىيىسىگە قاراشلىق 18 ئائىلە قازاقلارنى بۇلاپ 30 مىڭ قوي، 3 مىڭ قارامالنى ئولجا ئالغاندىن باشقا يەنە 22 ئادەمنى بىگۇنا ئېتىۋەتتى.

ۋى جىڭگو ئالتايدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەربى ھاكىمىيەت (يەرلىك ھۆكۈمەت) ماجۇڭيىڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. ئۇلاردىن شېڭ زىخۇي دىگەن كىشى ۋالى ھەم ھەربى يېتەكچى بولۇپ بەلگىلەندى، قازاقلاردىن خانافىيا بېيىسىنىڭ ئوغلى بۇقات شەنجاڭ بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى ئاشلىق-ئوزۇقلۇق، نەرسە كېرەكلەرنى ئالتاي خەلقىغە ئالۋاڭ سېلىپ، يىغىشقا باشلىدى. مۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۈستىگە باش ئەتمياز كىرىشى بىلەن جۇت ۋە قەھەتچىلىك باشلىنىپ خەلق ئاچارچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇلاڭچىلىق، تالان-تاراج، ئوغرىلىق ئەھۋاللىرى ئەدەپ كەتتى.

ئالتايدا مۇشۇنداق ئەھۋاللار بولۇۋاتقان مەزگىلدە جىمىنەي ناھىيىسىنى بېسىۋالغان شەرىپقان ماجۇڭيىڭ ئادەملىرىگە قارشى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇردى.

ماجۇڭيىڭ ئادەملىرى شەرىپقاننى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن تاڭ فامىلىلىك تۇەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا بىر پولك ئەسكەرنى جىمىنەيگە ئەۋەتتى، ئۇلار شەرىپقاننىڭ قارشى ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئىلگىرلىيەلمەي قابا ناھىيىسى بىلەن بۇرچىن ئارىلىغىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ ئۇچتاش دىگەن يايلىقىغا چېكىنىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە ئورۇس، موڭغۇل ئەسكەرلىرى قۇم-قاناستا قىرىپ تاشلىغان 100 ئائىلىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئۇچتاشقا ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئىدى. بىچارە ئاياللار ياش بالىلىرىنى يۈدۈپ، ئاچ-يالىڭاچ ھالدا ئۇچتاشقا كەلگەندە بۇ يەردىكى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلىقىغا

ئۇچرىدى. ئۇلار قىزلارنى، ياش ئاياللارنى مال بولغاندەكلا بۇلاپ ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا بىردىن تۇتۇۋېلىشتى. زورلۇققا قارشى تۇرغان ئاياللارنى باغلاپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇش ئارقىلىق باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق قەبىھ جىنايى ئىشلارنى قىلدى.

ماجۇڭيىڭ ئادەملىرى مۇشۇنداق ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شۇ كېچىسى ئورۇس، موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ بىپەرۋالىقلىرىدىن پايدىلىنىپ گۈزەتكە قويغان ئەسكەرلىرىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، قورال - ياراقلىرىنى تارتىۋېلىپ ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنكى سوقۇشتا تاڭ تۈەنجاڭغا ئوق تېگىپ ئۆلدى.

سارسۈمبىدىكى شېڭ زىخۇي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئورۇس بىلەن موڭغۇللارنى قەتلىئام قىلىپ قۇرۇتىۋېتىش ئۈچۈن 1000 ئەسكەر چىقاردى. ئورۇس ۋە موڭغۇللار يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي ئولجا قىلىپ ئالدى. شۇنىڭدەك ئورۇس، موڭغۇللارنىڭ قابا ئېلىدىن بۇلاپ ئېلىپ ئاپارغان ماللىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ ھاكىمىيەت بېشىغا شېڭ شىسەي چىقتى.

شېڭ شىسەي: «جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇردۇق، شىنجاڭدا تېچلىق كېرەك!» دەپ خەۋەر تارقاتتى. ئالتاينى تىنجىتىش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى بىلەن بايموللا باشلىق 20 چە كىشىنى شەرىپقان بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

ئۇلار كەلگەندىن كېيىن شەرىپقان سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلەشتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى: «شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە قويۇ-



دۇ، بىرلىشىش كېرەك» دېگەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن كېلىشىمگە كەلدى ھەم ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە ئالتاي خەلقىگە تەشۋىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدىكى ماجۇڭيىڭ ئالتايغا ماخېيىڭ دېگەننى ئەۋەتكەن ئىدى. ماخېيىڭ ئالتايدىكى ئۆز تەرەپدارلىرىنى يىغىپ، بىز ئالتاينى ئېلىپ بولدۇق، ئەمدى تارباغاتاينى ئېلىپ ئاندىن ئۈرۈمچىگە شىمالدىن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇ تەرەپنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمىز، دەپ تەشۋىق يۈرگۈزدى، ئەمما بۇرھان شەھىدى، شەرىپقان، بايموللىلارنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەسىرى بىلەن ئالتاي قازاقلىرى ماخېيىڭغا ئەگەشمىدى. شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى ۋەقەلەر ئۈستىدە بەزى كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنىمۇ توقۇپ چىققان ئىدى:

ھاۋادىن بۇرھان چۈشتى،
يەردىن چۇرقان چىقتى،
ئۈرۈمچىدىن تاز كەلدى،
ئالتايدىن ئەز كەلدى،
قىيىسىق ئېغىز بۇرۇپ كەتتى،
قۇداي تۆبەدىن ئۇرۇپ كەتتى.

شەرىپقان پۈتكۈل ئالتايدىن ئەسكەر يىغماق بولۇپ قاباغا باردى، قابادىكى ماخېيىڭ ئەسكەرلىرى سار سۈمبىگە قاچتى.

ماخېيىڭ ئۆزىگە قارشى سوقۇش بولۇش خەۋپىگە كۆزى يېتىپ، «ئەگەر قالىدىغان بولساڭلار قازاقلار سىلەرنى

قىرىپ تاشلايدۇ» دەپ ئالتايدىكى خۇيزۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ ئالتايدىن تارباغاتايغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا شەرىپقان قابادا ئىدى. ئۇ، ما خىيىڭ تارباغاتايغا يۈرۈش قىلىپ ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتتى، دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قابا ناھىيىسىدىن توپلىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ دەرھال جىمىنەي ناھىيىسىنىڭ تاستى دىگەن يېرىگە بېرىپ ما خىيىڭ بىلەن سوقۇشتى. لېكىن ما خىيىڭ چىقىم تارتقان بولسىمۇ ئادەملىرىنىڭ كۆپلىگىگە يۆلىنىپ غالىپ كەلدى، شەرىپقاننىڭ ئاۋۇلىنى بۇلاپ تارباغاتايغا ئۆتۈپ كەتتى.

ما خىيىڭ كەتكەندىن كېيىن ئالتاينىڭ يۇرت باشلىقلىرى جىمىنەيگە كەلدى. جىمىنەيدە مەجلىس ئېچىلدى، بۇ مەجلىستە بۇرھان شەھىدى، بايمۇللالار شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرىپقاننى ئالتاينىڭ ۋالىسى ھەم جىڭبى سىلىڭلىقىغا بەلگىلىگەنلىگىنى ئېلان قىلدى. مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن بايمۇللا ئالتايدا قالدى، بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شىڭ شىسەيگە ئالتاينىڭ تىنچلانغان ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى. شەرىپقان ئالتايغا (سارسۇمبىگە) بېرىپ ئىش بېشىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇقات خانافىيا ئوغلى ئالتايغا، ئەبىلمەجىن ئۆمىرتاي ئوغلى بۇرچىنغا، قىلىشباي ھاجى قاباغا شەنجاڭ بولۇپ سايلاندى. ئاندىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر جايىنىڭ باشلىقلىرى سارسۇمبىگە يىغىلىپ مەجلىس ئېچىشتى. بۇ يىغىندا ئالتايدا ئۆتكۈلگەن پۈتكۈل ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەپلىرىنىڭ جەريانلىرى ھەم خەلققە بولغان زىيانلىرى سۆزلىنىپ ۋى جىڭگونىڭ ئۈستىدىن شىكايەت توپلاندى. بۇ شىكايەتنى شىڭ شىسەيگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالتاي خەلقىنىڭ



ۋەكىلى سۈپىتىدە بايمۇللا باشچىلىغىدىكى بۇقات، كەكەن تەيجى، مەخمۇت ئۆمىرتاي ئوغلى، قاجىنەبى ۋەلىيوۋ، موڭغۇللاردىن ئورشىقا زالىڭ قاتارلىق كىشىلەر 11-ئايدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. بىز ۋەكىللەر ئورخى دىگەن يەرگە كەلگىنىمىزدە ئۈرۈمچىنى ما جۇڭيىڭ مۇھاسىرىگە ئاپتۇ، دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ توختاپ تۇرۇپ، ماجۇڭيىڭ جەنۇپقا قاچقاندىن كېيىن 1934-يىلى 1-ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن 1-قېتىم كۆرۈشتۇق. ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ دۇبەنگە ئەۋەتكەن سوغىتى دەپ 3 دانە بۆلغۈن تېرىسى، بىر دانە ئېيىق تېرىسى، 10 دانە مېترو بېلىق سوغات قىلىپ، ۋى جىڭگونىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان شىكايەتنى بىۋاستە تاپشۇردۇق.

بۇ شىكايەتتە ما خىيىڭ ئالتايغا كەلگەندە بىر قىسىم ئەل ئۇلارغا ئەگەشسىمۇ، ئالتاي خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئەگەشمىدى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەگىشىشىدىكى سەۋەبى: ۋى جىڭگونىڭ خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ تاشايىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ۋەقەلەرنى تۇغدۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماخىيىڭ كېلىپ ۋەقە پەيدا بولاي دەپ تۇرغان مەزگىلدە ۋى جىڭگو ئالتاي خەلقىنىڭ دىنى مۇناسىۋىتىدىن گۇمان قىلىپ روسلار بىلەن موڭغۇللاردىن ئەسكەر توپلاپ، قازاق ۋە خۇيزۇلارنى ئاساس قىلغان ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرگە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ قانلىق ۋەقەلەر پەيدا قىلغانلىقتىن پۈتكۈل ئالتاي خەلقى قوزغۇلۇپ كەتتى. ۋى جىڭگونىڭ يۇقۇرقىدەك جىنايى ھەركەتلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بۇ قوزغۇلاڭدا گۇناسىز ئالتاي خەلقىدىن 4 مىڭ ئادەم ئۆلدى، مال چارۋىچىلىغى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق تۇر-

مۇش جەھەتتىن ئادەتتىن تاشقىرى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، ئاچارچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋى جىڭگو سارسۇمبە شەھىرىدىكى ئوزۇق - تۈلۈك، ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئوت قويۇپ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كەتتى. ئەگەر ۋى جىڭگو شۇنداق قانلىق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئالتاي خەلقى بۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا قالمىغان بولاتتى، دىگەندەك دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جىنايى قىلمىشلىرى ئۈچۈن ۋى جىڭگو باش جىنايەتچى قاتارىدا جازاغا تارتىلىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىشتى ھەم ئالتاي خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ياردەم بېرىلىسە، دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دەل بۇ چاغدا ۋى جىڭگو شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا بولۇپ گۇچۇڭدا سىلىڭ ئىكەن، شىڭ شىسەي بىزنىڭ شىكايىتىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، سىلەر بۇ توغرۇلۇق ئالدىرىماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار، تەلەپلىرىڭلارنى مۇۋاپىق يول بىلەن ھەل قىلىمىز، دەپ سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئۈرۈمچىدە 12 - ئاپرىل بايرىمىغا قاتناشتۇق. شىڭ شىسەي 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋى جىڭگونى چاقىرتىپ كېلىپ، يەنە بىر نەچچە ھەربى باشلىقلىرى بىلەن بىللە تۇرمىگە قامىدى، ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتتى. بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قىلدى.

بىز قايتىدىغان چاغدا شىڭ شىسەي: «شەرىپقان، خانا-باتىرلارغا ھەم ئالتاي خەلقىغە سالام ئېيتىڭلار، بىز سىياسەت بەلگىلىدۇق. شۇ بويىچە ئىش يۈرگۈزىمىز، مىللەتلەرنى باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، خەلق تىنچ، پاراۋان تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان بولىدۇ. قوزغولاڭ ۋاقتىدىكى تالان - تاراج، ئادەم



ئۆلۈمى سۈرۈشتۈرۈلمىسۇن. 8 - ئايغا قەدەر ئالتاي تىنچلىنىدىغان بولسۇن» دەپ تاپشۇردى.

شۇ يىلى ئالتايدا ئېغىر ئاپەت - جۇت يۈز بېرىپ، خەلق ئاچارچىلىققا دۇچار بولدى، 2500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. مۇشۇنداق ئېغىر ئاپەت تەسىرىدىن چىڭگىل ئېلىدىن 500 گە يېقىن ئائىلە تاشقى موڭغۇل چېگرىسىغا بېرىپ قىشلاپ ئولتۇرغاندا، ئۇلارنى موڭغۇلىيە چېگرا قاراۋۇللىرى زورلۇق بىلەن ھەيدەپ قوبدا ئايمىقىغا ئاپىرىۋالدى، ئۇلاردىن 300 ئۆيلۈك ئادەم بۇزۇلۇپ، موڭغۇلىيىنىڭ 7 - 8 ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كەنجىبەك دىگەن ئەسكەر باشلىقىنى باغلاپ ئالتايغا قېچىپ كەلدى. لېكىن مال - مۈلۈكلىرى قوبدىدا قالدى، قالغان 200 ئۆيلۈك ئادەم بىلەن مال - مۈلۈكلەرنى ئەكېلىش ئۈچۈن چىڭگىللىكلەر موڭغۇلىيىگە 4 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، قېپقالغان ئەل بىلەن مال مۈلۈكلەرنى ئالالمىدى، ئۇدۇل كەلگەن ماللارنى بۇلاپ ئادەم ئولجا قىلىشىپ كەلدى. مۇشۇ سەۋەپلەر بىلەن 34 - يىلى 10 - ئايدا موڭغۇلىيە چىڭگىل ئېلىگە قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ ئايروپىلاندىن بومبا تاشلاپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. مۇشۇ زەربىدىن چىڭگىللىكلەرنىڭ بىر بۆلۈمى ئالتاينىڭ غەربى تەرىپىدىكى ناھىيىلەرگە، يەنە بىر بۆلۈم كىشىلەر بەيتىك تېغى ئارقىلىق خانا-بارىكۆلگە قېچىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ھەقتە 6 ئالتاي ۋىلايىتى ئۈرۈمچىگە خەۋەر قىلىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى، نەتىجىدە موڭغۇل ئەسكەرلىرى قايتىپ كەتتى. تالانغان مال بىلەن تۇتۇپ كەتكەن ئادەملەرنى ياندۇرۇپ بەرمىدى.

1934 - 1935 - يىللىرى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختىمى تۈزۈپ، ئالتايغا يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى، ئاشلىق ھەم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى — رەخ، چاي، شېكەر قاتارلىق ماللار كەلتۈرۈلدى، ئېرىك ماللارنىڭ باھاسى بىلەن خام ماللارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. قازاق چارۋىچىلىرىغىمۇ يەر بېرىلىپ دېخانچىلىققا كىرىشتى. شارائىت - ۋەزىيەت ئۆگشۈلۈپ تېچلىق بەرپا بولدى، خەلقنىڭ ھال ئوقىتى كۆنساناپ ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەندىكى بەش ناھىيىدىن قازاقلارغا ۋاكالىتەن بۇرچىندىن ئابدىراخمان توقلوۋ، چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىن قازاقلاردىن زاتىلباي، ئۇيغۇرلاردىن ماۇتباي، غوپۇر، مىنەۋەر؛ خەنزۇدىن جاڭبېيشىڭ دېگەن كىشىلەر شەربىقان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا توختىمى تۈزۈپ مال ئالماشتۇردى. بۇ ئىش ئۆتكەندىكىلەرگە قارىغاندا ئالغا باسقانلىق بولدى. لېكىن بۇنىڭدىمۇ خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش ئېغىر بولۇپ، بۇ سودىگەرلەر خەلقتىن جانلىق مال ۋە خام ماللارنى ئەرزان باھادا ئېلىپ، سوۋېتكە ئۆزلىرى كېلىشكەن توختام باھاسىدا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشتى. مەسىلەن: ئۆتكۈزۈلگەن مالدىن 30% پايدا ئالسا خەلققە 20 - 25% نىلا بەردى. ۋاكالىتەن مال قوشقان ئادەملەرنىڭ ماللىرىدىن 15% پايدا ئالدى. سوۋېتتىن كىرگەن پىششىق ماللارنىڭ ھوزۇرىنى پەقەت بايلار كۆردى، كۆپ ساندىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئۆتكۈزىدىغان مېلى يوق بولغانلىقتىن كەلگەن ماللاردىن پايدىلىنالمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى.

ئالتايدا بۇرۇندىن تارتىپ مەدەنىي - ئاقارتىش، سەھىيە ئىشلىرى پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك بولۇپ، 99% خەلق ساۋات



سىز ئىدى، قالغان بىر پىرسەن كىشى كونىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، چالا ساۋات ئىدى. 1935 - يىلدىن باشلاپ ئالتايدا تۇنجى قېتىم مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مەسىلەن: قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بارلىققا كەلدى. ئۆتكەندە موللىلارنىڭ دىنىي قائىدە بويىچە ئالىدىغان ئۆشرە - زاكاتلىرى مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقىلىق يىغىلىپ، ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇشقا ھەم مەكتەپلەرنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرىگە سەرپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بارلىق چىقىمنىڭ 60% ى يۇقارقىدەك يول بىلەن تەمىنلەندى، 40% نى ھۆكۈمەت تەمىنلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە 44 يەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلدى. شۇ قاتاردا ۋىلايەتتە بىر دوختۇرخانا قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شىنجاڭ شۆيۈەن، سىفەن مەكتەپلىرىگە 1936 - يىلدىن باشلاپ ئالتاي باللىرى كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ئالتاينىڭ بۇرۇنقى 4 بەگنىڭ ئەۋلادىدىن 6 - 7 بالا ئوقۇشقا باردى. بۇنىڭ سىرتىدا قازاق تىلىدا گېزىت چىقىرىلىپ، خەلق تۇنجى قېتىم گېزىت كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

1935 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدە ۋە ئۇنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە ساقچى ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. بۇلار قۇرۇلۇشى بىلەنلا كۆپلىگەن ئىشپىيونلارنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنىڭ سۆز - ھەركەتلىرىنى كۆزەتتى.

1937 - يىلى 9 - ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن قالىبېل تەيجىنى، ئالتايدىن ۋىلايەتنىڭ باش كاتىۋى ھەم قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى مەڭكەي مەمىي ئوغلىنى

قولغا ئالدى. بۇلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن ئاقتېكە دېگەن كىشى باشچىلىق قىلغان بىر بۆلۈم ئەل بىلەن ئالتاي ناھىيىسىدىن قارا قۇل زالىك باشلىغان بىر بۆلۈم ئەل قوزغىلاڭ قىلىشقا ھەركەتلەندى، لېكىن شەرىپقانلارنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشى بىلەن، چاتاق چىقماي تېچلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 38-يىلى 1-ئايدا ھۆكۈمەت يەنە 30 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەل باشلىقلىرىنىڭ خەۋپلىنىشى كۈچىيىپ ھۆكۈمەتكە نارازى بولۇشتى. بۇ مەزگىلدە خەلقتىن ئېلىنىدىغان سېلىق بەك ئېغىر ئىدى. مەسىلەن: ئۇششاق مالغا 5%، چوڭ مالغا 3% باج تۆلەندى، باجغا ئىككى چىشلىق ئەركەك قوي ئېلىناتتى. بۇ باج، قويى يوق كەمبەغەل چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېغىرچىلىق تۇغدۇردى. ئۇلار قويى بار بايلارغا باشمۇ-باش تۇياقىغا قوي تېگىشىپ ئېلىپ باجدىن قۇتۇلاتتى، ياكى بىر قوي ئۈچۈن بايلارغا كۆزدە بىر ئاي چۆپ ئورۇپ بېرىش يولى بىلەن قەرزدار بولاتتى. بۇ چاغدا بىر ئاي چۆپ ئورىدىغان يالانما ئەمگەك ھەققى 3 قوي ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا ھۆكۈمەت ئالماشتۇرۇش بېجىغا 6%، قان بېجىغا 5% ئالىدىغان بولدى.

ئالتايدا ئالتۇن كان ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قارا ئېرتىشنىڭ بېشى، سومدايىرىق، چاشىك قارىغاي قاتارلىق يەرلەردىن ئالتۇن كولايتتى. ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئوزۇق، كىيىم-كېچەك، قۇرال-سايمان يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن مىڭلىغان ئات، تۆگە، كالا قاتارلىق قاتناش ھايۋانلىرى ئۇرۇغ باشلىقلىرى ئارقىلىق خەلقتىن يىغىپ ئېلىنىشتىن تاشقىرى، كىرا ھەققىنى ھۆكۈمەت شۇ چاغدىكى بازار باھاسىدىن 5% كېمەيتىپ تۆلەيتتى،



لېكىن مۇشۇ كېمەيتىپ بېرىلگەن كىرا ھەققىمۇ، كىراكەشلەرنىڭ تامىغى، ئات-ئۇلاقلارنىڭ بوغۇزى، تاقىسى، جابدۇقلىرىغا خەجلىنىپ كەتتى، دېگەن بانىلار بىلەن مال ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمەي ئۇرۇغ باشلىقلىرى يەپ كېتەتتى. بۇ ئالۋاڭلار باي، كەمبەغەلگە تەڭ تەقسىم قىلىنىپ ئات-ئۇلىغى يوق كەمبەغەللەر ئادەم كۈچىنى چىقىراتتى.

1939-يىلى شېڭ شىسەي موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئاچىمىز دېگەن بانا بىلەن جايلاردىن 3 مىللەت كىشىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالدى، بۇنىڭغا ئالتايدىن ئەلەن ۋاڭ، شەرىپقان، بۇقات بېيىسى، تەبىن بېيىسى (موڭغۇل)، ئەبىلمەجىن گۇڭ، يەملىخە مۇفتى، شۇلتىن بېيى (موڭغۇل) قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق ئادەم كەلدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم). شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن 300 دەك ۋەكىل ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي مەجلىس ئاچتى (قۇرۇلتاي بولمىدى). مەجلىستە شېڭ شىسەينىڭ بۇيرىقى بويىچە شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ قولىدىكى مىلتىق، قۇرال-سايمانلارنى تاپشۇرۇۋېلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ھەيئەت باشلىقلىقىغا شەرىپقان، مۇئاۋىنلىقىغا قوبىق-ساۋىرنىڭ شەلبىن گىگەنى، قەشقەردىن ئابدۇقادىرلار بەلگىلەندى. شېڭ شىسەي 3 مىللەتنىڭ قولىدىكى قۇراللارنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋاقتىنى 3 ئاي دەپ بەلگىلەپ، مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ۋەكىللەر ئۈرۈمچىدە قېلىپ قىسقا مۇددەتلىك سىياسى كۇرستا ئۆگىنىش قىلىدۇ دېدى. ۋەكىللەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قارىتا تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يېزىشىنى بۇيرىدى: «بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن مەجلىس ئېچىپ مىلتىق

يىغىش ھەيئەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتۇق، مىلتىقلارنى يىغىۋېلىش ۋاقتى 3 ئاي، بىز مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە سىياسىي مەكتەپتە ئوقۇيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن قولدا بار مىلتىق ۋە باشقا قوراللىرىڭىزنى شەرتسىز تاپشۇرۇپ بېرىڭىزلەر».

بۇنىڭغا قوشۇمچە شىبەك شىسەي جايلاردىمۇ مىلتىق يىغىش شۆبە ھەيئەتلىرىنى قۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. ئالتاي خەلقىنىڭ مىلتىق يىغىش ئىشىغا چىۋ سىلىڭ دىگەننى ئەۋەتتى. ئۇ ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن ئەلدىكى ئۇرۇغ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋىلايەتكە يىغىپ مەجلىس ئاچتى. مەجلىستە: مىلتىق يوق دەپ باھانە تاپمايسىلەر، ئەللىرىڭدىكى مىلتىقلارنىڭ تىزىمىنى ھەم ئۇنى ئەكىلىدىغان قاتناش ئۇلاقلىرىنىڭ تىزىمىنى بېرىڭلار، دەپ مەجلىستىكىلەرنى قىستىدى. لېكىن بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن، يەنى 38 - يىلى خەلق قولىدىكى مىلتىقلار ئاساسىي جەھەتتىن يىغىۋېلىنغان ئىدى. ئەل قولىدىكى بىرەر يېرىم يوشۇرۇپ ساقلىغان مىلتىق بولمىسا، باشقا قورال-ياراق يوق ئىدى.

مەجلىس باشتىن - ئاخىر ھەربىي نازارەت ئاستىدا تەھدىت يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ قورقۇپ كەتكەن قابا ناھىيىسىدىن كەلگەن قىلىچباي ئوغلى قومبىجاپ ئۆكىردەي: «مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئەلدىن 70 مىلتىق تاپشۇرىمەن، باشقىلارمۇ يوشۇرغان مىلتىقلارنى تاپشۇرۇشى لازىم» دەپ يالغان پىكىر بەردى. چىۋ سىلىڭ مۇشۇ پىكىرنى دەستەك قىلىپ، قومبىجاپ ئېلىدە بار مىلتىق، باشقىلاردىمۇ بار، دەررۇ تىزىملىتىش كېرەك دەپ، ھەر ئەلنىڭ ئۇرۇغ باشلىقلىرىنى ئۇنىڭدىن بەتتەر قىستاشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە مەجلىسكە ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەن چىڭگىل ناھىيىسىدىكى مولقى ئۇرۇ-



غىنىڭ ئۆكىردەيى بايانبايىنى، بازارقۇل ئۇرۇغىنىڭ ئۆكىردەيىنى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن ئاقىت ھاجىنى قوراللىق ئەسكەر ئەۋەتىپ قولغا ئالدى. يەنە ئالتاي ناھىيىسىدىن مەجلىسكە كەلگەن قاراقول زالىڭ، ئۆندىرخانلارنى يىغىن ئۈستىدە تۇرمىگە قامىدى.

چىۋ سىلىڭنىڭ مۇشۇنداق قىستىشى ئارقىسىدا مەجلىس ئۈستىدىلا كۆكتوقاي، چىڭگىل ئۇرۇغ باشلىقلىرى: «بىزنىڭ ئەلدىمۇ مىلتىق، قوراللار بار، ئۆيىمىزگە بېرىپ تاپشۇرىمىز» دەپ ئىلتىماس بېرىپ يۇرتلىرىغا قايتتى. ئۇلار يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ شەنجاڭى بىر قانچە ئەسكەر بىلەن خەلقنىڭ مىلتىقلىرىنى تاپشۇرتۇش ئۈچۈن قىرغا چىقىپ ئەلگە: «مىلتىقلىرىڭنى سۆزسىز تاپشۇرىسىلەر، يوق دەپ بانا تاپمايسىلەر» دەپ تەھدىت سالدى. خەلق: «يوق قورالنى تېپىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، مىلتىق تاپشۇرمىدىڭ دەپ بەرىبىر قاماققا ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قارشى چىقىش كېرەك» دەپ 1940 - يىلى 2 - ئايدا قاراقاس ئۇرۇغىدىن ئاقتېكە ئاۋۇلىدا ياتقان 3 ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرىنى ئېلىۋالدى. ئۇ كۈنى كېچىدە مولقى ئۇرۇغىدىن ئىسمىقان ئۆكىردەي باشلىغان ئەل شەنجاڭنى بىر نەچچە ئەسكىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇلاردىن 8 مىلتىق ئولجا ئالدى. بۇرۇن كىشىلەر قولىدا ساقلىنىپ قالغان بار - يوقى ئىككى مىلتىق بار ئىكەن، جەمى 13 مىلتىق، قالغىنى پالتا، چوماق بىلەن قوراللىنىپ قوزغۇلۇپ كۆكتوقاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى، شەن يامۇلغا ئوت قويدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ھەربىلەرگە تەڭ كېلەلمەي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە كۆكتوقاي خەلقى كۆچۈپ 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چىڭگىل ناھىيىسىگە يې-

تىپ كەلدى. قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بۇ ئەلگە چىڭگىل ئېلىمۇ قوشۇلدى.

بۇ چاغدا ئالتايدىكى چېۋ سىلىڭ ئالتۇن كانلىرىدىن ئەسكەر تەشكىل قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەيمۇ ئۈرۈمچىدىن ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ سارتوقاي دېگەن يېرىدە ناھايىتى قاتتىق سوقۇشتى. ئىككى تەرەپتىنلا ئادەم چىقىم بولدى. قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن نوغايباي ئۆكىردەي، زاتىلباي قاتارلىق بىر قانچە ئادەم ئۆلدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار جان تىكىپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە 70 كە يېقىن قورالنى ئولجا ئالدى. ئاخىردا قوزغىلاڭچىلار ھەربىلەرگە داۋاملىق قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ، موڭغۇلىيە چېگرىسىغا سۈرۈلدى ھەم موڭغۇلىيىدىن پانا تىلەپ ئىككى كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. موڭغۇلىيە ئەلچىلىككە بارغان كىشىلەرنى قايتۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭ قىلغان خەلققە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئالدىدىن موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى، ئارقا تەرەپتىن شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى قورشاۋغا ئالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلاردىن 3 مىڭ ئادەم بالا-چاقا، مال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ بەيتىك تېغىنىڭ تەرىسكەي تەرىپى بىلەن قاپتىق تېغىغا كەلدى. قاپتىققا بارغاندا موڭغۇلىيىنىڭ 30 دەك قاراۋۇل ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، 25 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ 27 دانە مىلتىق ئولجا ئېلىشتى. ئاندىن قاپتىق تېغىدىن بەيتىككە كېلىپ بەيتىكتىكى تۇرغۇن ئەلدىن 500 يىلقى، كۆپلىگەن ئۇششاق مال ئولجا ئالدى. يەنە تۇرغۇن ئېلىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان شېڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشتى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي



ھۆكۈمىتى ئەسكەر ۋە ئايروپىلان ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى بەيتىكتىن قوغلىدى. بۇ سوقۇشتا ئاقتىكەبىي باشلىغان بىر نەچچە ئادەم ئوق تېگىپ ئۆلدى. شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار ئاخىر چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىگە كېلىۋېلىپ ئۆزلىرىنى پانالىدى. بۇ ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى كۆكتوقاي شەھىرىگە ھەيدەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. تاققا بېكىنگەن قوزغىلاڭچىلار ئۆزلۈكسىز پارتىزانلىق ئۇرۇشى يۈرگۈزۈپ تۇردى. ئۇلار سارسۈمبىدىن 300 تۆگىگە ئارتىپ كېلىۋاتقان ھەربىي لاۋازىمات ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەكلىرىنى يول توساپ بۇلىۋالدى. يەنە ئاۋالقى قوزغىلاڭدا تېچ قالغان زەينەل ئۆكىردەيگە قاراشلىق قاراقاس ئۇرۇغىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى. شۇ قاتاردا جان تىكىپ سوقۇش قىلىپ شەھەردە نەزەربەنت قىلىنىپ تۇرغان بالا-چاقىلىرىنىمۇ قۇتقۇزۇۋالدى. ئاندىن كۆكتوقاينى قورشاۋغا ئېلىپ، شېڭ ئەسكەرلىرى بىلەن 3 ئاي شىددەتلىك سوقۇش قىلدى.

ئالتايدا مۇشۇنداق ۋەقە بولۇۋاتقاندا شېڭ شىسەي 1940-يىل 4-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر كېچىدىلا جايلاردىن كەلگەن موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرىدىن 70 ئادەمنى تۈرمىگە تاشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتايدىن ئەلەن، شەرىپقان، بۇقات بېيىسى قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بار ئىدى. قالغان ۋەكىللەرنىڭ ياتقان قورولىرىنى قوراللىق ساقچىلار بىلەن قورشاپ، ھېچ كىشىنى دەرۋازىنىڭ تاشقىرىسىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلمىدى.

شېڭ شىسەي 8-ئايدا ئالتاي ۋىلايىتى ئارقىلىق چىڭگىل، كۆكتوقاي ئەللىرىگە تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

قوزغولاڭچىلار ئەلچىلەرگە: «شېڭ شىسەي 1937 - يىلى قولغا ئالغان مەڭكەي، قالىل قاتارلىق ئادەملەرنى، 1939 - يىلى ۋەكىل دەپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىۋېلىپ قايتۇرمىغان ئەل باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەم كېيىنكى ۋاقىتتا قولغا ئالغان بايانباي، بايقادام، ئاقىت ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى بوشاتسۇن، شۇلار كېلىپ بىزگە ئۆز ئاغزى بىلەن نەسىھەت قىلسا قورال - ياراقلىرىمىزنى تاپشۇرىمىز، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىرىمىز قالغىچە سوقۇشۇشتىن باش تارتمايمىز» دېگەن تەلەپنى قويۇپ قايتاردى.

بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قوزغولاڭچىلار بەش ئاتار، پىلىموت، ماۋزىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مىڭغا يېقىن قورال - ياراققا ئىگە بولغان ئىدى.

شېڭ شىسەي يۇقۇرقى تەلەپ بويىچە 1937 - يىلى قولغا ئالغان قالىل تەيجىنى، يەنە شۇ يىلى ۋەكىللەر ئىچىدىن قولغا ئالغان بۇقات بېيسىنى تۈرمىدىن بوشۇتۇپ قوزغولاڭچىلارنى تېنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

تېنچلاندۇرۇش ئىشىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، قالىللار بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قېيىنى ئاتىسى چيۇ سىلىڭ بىللە باردى، بۇ قېتىم قوزغولاڭچىلار بۇلار بىلەن مۇقىم كېلىشىمگە كېلەلمىدى. قوزغولاڭچىلارنىڭ باشلىقى چاقاباي ئۈرۈغىدىن ئىرىسقان، چېرۇچى ئۈرۈغىدىن سۇلايمان دېگەنلەر ئىدى، ئۇلار يەنە ۋەكىللەرگە: «شېڭ شىسەي تېنچ يول بىلەن تەسلىم قىلىپ قورال تاپشۇرتىمىز دېسە، قاماقتىكى بارلىق ئادەملىرىمىزنى تامامەن قايتۇرسۇن، ياكى چاقاباي ئۈرۈغىدىن قولغا ئېلىنغان نەزىر تەيجى، جانىمقان ۋە چېرۇچى ئۈرۈغىنىڭ تەيجىسى دەلىلقاننى، راقات قەلىل ئوغلىنى ئالدىن - ئالا قايتارسۇن، شۇنىڭ



بىلەن بىرگە ئەل ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشپىيونى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيىلەردە ساقچى ئىدارىلىرى قۇرۇلماي ناھىيىنى پەقەت شەنجاڭلا باشقۇرسۇن» دېگەن تەلەپنى قويىدى.

يۇقۇرقى تەلەپلەرنىڭ تەسىرىدىن 9 - ئايدا شېڭ شىسەي نەزىر، جانىمقان، دەلىلقان، راقاتلارنى بوشۇتۇپ ئايرۇپىلان بىلەن ئالتايغا يەتكۈزدى.

بۇلار كەلگەندىن كېيىن قوزغولاڭچىلار مىڭدىن ئارتۇق قورال تاپشۇرۇپ بەردى. شېڭ ھۆكۈمىتى، 36 - يىلى قولغا ئېلىنغان مەڭكەينىڭ، 39 - يىلى قولغا ئېلىنغان بايانباي، بايقادام، قاراقۇل، ئۆندىرقان، ئاقىت ھاجىلارنىڭ كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ، سۆڭەكلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. قوزغولاڭ بېسىلىپ قالغاندىن كېيىن جايلاردىن قولغا ئېلىنغان ۋەكىللەرنى تىزىملاپ، تىرىكنى تىرىكچە، ئۆلگەنلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىمىز دەپ ۋەدە بەردى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا بۇقاتنى، مۇئاۋىنلىقىغا جانىمقاننى سايلىدى، نەزىر تەيجىنى ۋىلايەتلىك باجخانىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا بەلگىلىدى، دەلىلقان ئالتاي ناھىيىسىگە فۇشەنجاڭ بولۇپ بەلگىلەندى، راقات كۆكتوقايغا فۇشەنجاڭ بولدى.

ھۆكۈمەت: «37 - يىلدىن باشلاپ ئالتايدىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، قوزغولاڭ پارتلاپ خەلقنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە باشقا ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى شەرىپقاننىڭ تۈپەيلىدىن بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىپقان باش جىنايەتچى، ئۇ تۈرمىدىن بوشۇتۇلمايدۇ» دەپ ئېلان قىلدى.

1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلدى.

بىزلەر ئالتايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇل تەبىن بېيسى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا بەلگىلەندى. شۇ چاغدا قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلىمى بولۇپ، رەئىسلىككە رەزدان ئىمام، مۇئاۋىنلىققا مەن بەلگىلەندىم.

شۇ يىلى 1 - ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ فۇشەنجاڭى راقات، قالمان قازى، چېرۇچى شەرىپلەر باشچىلىقىدىكى خەلق ھۆكۈمەتكە يېڭىۋاشتىن تۆۋەندىكىچە تەلەپ قويدى:

1 - ئاۋالقى كېلىشىم بويىچە ناھىيىلىك ساقچى قۇرۇلماقچى ئەمەس ئىدى، ھازىر ناھىيىدىكى ساقچى ئىدارىسى ئەل ئىچىگە ئىشپىيون تارقىتىپ خەلقنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ، خەلق بۇنىڭغا نارازى، شۇنىڭ ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىلەر ناھىيىدىن چىقىپ كەتسۇن؛

2 - كان ئېچىشقا كەلگەن ئىنژىنىرلار كان قېزىشنى توختىتىپ ئۆز يېرىگە قايتسۇن؛

3 - 70 - 80 دەك كىشىلىرىمىز ھېلىغىچە قاماقتا يېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوشىتىلسۇن، دىگەنلەردىن ئىبارەت.

شېڭ شىسەي بۇ تەلەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قېيناتىسى چيۇ سىلىڭنى يەنە ئالتايغا ئەۋەتتى. ئۇ ئالتايغا كېلىش بىلەن 7 - ئايدا جانىمقان مۇئاۋىن ۋالى، ئەبىلمەجىن گوڭ، مەملە زەڭگى، قابىل تەيجى ۋە مېنى شېڭ شىسەي يۇقۇرقى تەلەپلەرنى ئورۇنلايدۇ، دىگەن مەزمۇندا كۆكتوقاي ئېلىنى تەشۋىق قىلىش يولى بىلەن تىنچلاندۇرۇشقا چىقاردى. بىز كۆكتوقايغا بېرىپ تەشۋىق قىلدۇق. لېكىن ئۇلار «شېڭ شىسەي بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى ئورۇندىمايدۇ، تەلەپنى ئەمەلىلەشتۈرىدىغان ۋاقىتمۇ بولدى. ئەمدى ئورۇندىشى شەرت



بولمىسا، بىز تىنچ تۇرالمايمىز» دىدى. يەنە بىزنى قايتۇرماي تۇتۇپ قالدى. قالمان قازى، راقات، شەرىپلەر بىزنى باغلىماقچى بولغاندا قەبىل تەيجى ئارىغا كىرىپ باغلاتمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىر مىڭدەك ئادەم توپلاپ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى، بىزنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا جانىمقان قوزغولاڭچىلارغا مۇنداق بىر پىكىر قويدى: «سىلەر بىزنى قويۇپ بېرىڭلار، بىز ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىلەرنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمىز، ئەمما ئىنژىنىرلارنى قايتۇرۇش مەسىلىسىنى كونسۇل بىلەن سۆزلىشىپ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ھەل قىلىمىز، قالمىش ھەممە تەلەپلىرىڭلارنى ۋىلايەتكە قايتىپ بېرىپ 8 كۈن ئىچىدە ئورۇنداپ بولايلى، ئەگەر تەلىۋىڭلار ئورۇندالمىسا، تۆۋەن تەرەپتە تىنچ تۇرغان بەش ناھىيە قوشۇلۇپ ھەممىمىز بىرلىكتە قوزغۇلىمىز.» مەسلىھەت شۇ يەرگە كەلگەندە ۋەكىللەر ھەممىمىز قوشۇلۇپ ھۆججەت يېزىپ مۆھۈر باستۇق، يەنە دىنى يول بىلەن قەسەم قىلدۇق. نەتىجىدە كۆكتوقايىنى قورشاۋغا ئالغان قوزغولاڭچىلار تېپچىلىق بىلەن چېكىندى.

بىز 8 كۈنلۈك ۋەدە بويىچە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارە كىشىلىرىنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ قايتتۇق. ئالتايغا كەلگىنىمىزدىن كېيىن چيۇ سىلىڭ ئەھۋالنى ھەر بىر ۋەكىلدىن ئايرىم - ئايرىم سورىدى. ھەممە ۋەكىللەر بولغان ئەھۋالنىڭ ئۆزىنىلا بايان قىلدى. ھىچ مەسىلە چىقمىدى. لېكىن بىز ۋەدە قىلغان 8 كۈننىڭ ئىچىدە چيۇ سىلىڭ قوزغولاڭچىلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن تەسلىم قىلماق بولۇپ،

كۆكتوقايغا مىڭدىن ئارتۇق قۇراللىق ئەسكەر ماڭدۇردى. كۆكتوقاي ئېلى بۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ سوقۇشتى. چىرىكچى سۇلايمان دېگەن كىشى باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم قوزغۇلاڭچىلار ماشىنا بىلەن كېتىۋاتقان ئىنژېنېرلارنىڭ بىر نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ماشىنىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. (بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي مېنى كۆكتوقايغا مۇئاۋىن شەنجاڭلىققا تەيىنلىگەن ئىدى، لېكىن مەن قوزغۇلاڭ تۈگىتىلگەندىن كېيىن 11 ـ ئايدا باردىم).

قوزغۇلاڭچىلار دەسلەپتە يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئىككى ئايغىچە يېڭىلمەي ئۈزلۈكسىز سوقۇش قىلدى. لېكىن كېيىنكى چاغدا ئالتاي تاغلىرىغا قېلىن قار يېغىپ، تاغ ئىچىدە پانا جاي قالمىغانلىقتىن كۆكتوقايلىقلار تۆۋەن يان باغرىغا چۈشتى. دەل مۇشۇ چاغدا بىر پولك ھۆكۈمەت ئەسكىرى كۆكتوقاينى قوغداشقا قېلىپ، يەنە بىر پولك ئەسكەر قوزغۇلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇلارغا ئالتايدىن كۆپلىگەن ئەسكەر كېلىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئايروپىلان ئەۋەتىپ بومباردىمان قىلدى. ئاخىر قوزغۇلاڭچىلار زور بىر تۈركۈم ھەربىي كۈچكە بەرداشلىق بېرەلمەي يېڭىلىپ، ئەزىمەتلىرى سالتاڭ قېچىپ كەتتى. ئەمما پۈتكۈل ئەل ھەربىلەر قولىدا قالدى. قالغان ئەل بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكەبۇلاق، سار بۇلاق دېگەن يەرلىرىگە كۆچۈرۈلۈپ كېلىندى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئالتاينىڭ مۇئاۋىن شەنجاڭى دەلىلقان سۇگۇرباييېف سارسۇمبە شەھىرىدىن ئىزسىزلا يوقىلىپ كەتتى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئىزدەشتۈرۈپ تاپالمىدى.

ئاندىن چىۋ سىلىڭ قېچىپ كەتكەن قوزغۇلاڭچىلارنى تەسلىم قىلىپ كېلىشكە يەنە جانىمقاننى ئەۋەتتى. جانىمقان



«تېچلىق بىلەن تەسلىم بولساڭلار، ھۆكۈمەت چارە كۆرمەيدۇ» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. ئادەملىرىنى ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىتىپ مىلتىقلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. جانىمقان قوزغۇلاڭچىلاردىن قەلبىل تەيجى، بىرايىقان ئۆكىردەي، بورانباي تەيجى، تاتاي تەيجى، زەينەل ئۆكىردەي، قالمان قازى، شەرى زەڭگى قاتارلىق 18 كىشىنى باشلاپ كېلىپ چىۋ سىلىڭغا ئۇچراشتۇردى. چىۋ سىلىڭ بۇلارنى قارشى ئېلىپ مېھماندارچىلىق ئۆتكۈزۈپ، سىلەر ئەمدى شېڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشۈڭلار دەپ ئالتاينىڭ ۋالىسى بۇقاتنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە ماڭغۇزدى، بۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شېڭ شىسەي بۇقات باشلىق ھەممىسىنى تۈرمىگە سولىدى.

قوزغۇلاڭچىلار تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرغان چاغدا باندىت ئوسمان باشلىغان مۇلقىنىڭ ئايتۇغان ئۇرۇغىدىن بولغان بىر قىسىم ئەل، قورال ـ ياراقلىرىنى تاپشۇرماي قۇمغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنى ئۇ چاغدا ھېچكىم ئىزدىمىدى ۋە سەزمەي قالدى. بۇلار قۇمغا بارغاندىن كېيىن 19 كىشىنىڭ قايتىدىن تۈرمىگە قامالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئوبدان مۇداپىئە كۆرۈپ يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا بۇقاتنىڭ قولغا ئېلىنىش ۋەقەسى بىلەن ئالتاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ پىك فامىلىلىك جۇيجاڭى ۋالى بولدى.

1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھۆكۈمەت چىڭگىلدىن ئۇۋاتقانىنى، ئالتايدىن مەملە زەڭگىنى ۋەكىل قىلىپ، ئوسماننى تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى.

ئوسمان ئۇلارغا: «بۇقات، قالپىل قاتارلىق كىشىلىرىمىز تۇرمىدا ياتقاندا، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە ۋەكىل بولۇپ كېلىشكەنلىرىڭ ئىشپىيونلۇقتىن باشقا ئىش ئەمەس» دەپ ئۇلارنى راسا دۇمبالاپ، ئات-ئۇلاقلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى پىيادە قوغلىۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ، ھۆكۈمەت 3-ئايدا موڭغۇل بورىبىجاپ باشلىق 180 ئەسكەر (ئارىسىدا 80 نى موڭغۇل) نى قوزغۇلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. بۇلار قوزغۇلاڭچىلار بىلەن قۇمدا ئۇچرىشىپ سوقۇش قىلغاندىن كېيىن ئوسمان 18 نەپەر قۇراللىق كىشىلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئوسماننىڭ بالا-چاقىسىنى ۋە چاقاباي ئۇرۇغىدىن سۇلايمان، چېرۇچى ئۇرۇغىدىن كېلەس، كەدىرباي دىگەن 4 كىشىنىڭ بالا-چاقىسىنى ئالتاي شەھرىگە ئېلىپ كەلدى. ئوسماننى ھەربىلەر ئىزدەشتۇرسىمۇ تاپالمىدى. 4-ئايدا ئوسمان ئادەتتىكى بىر ئادەم ئارقىلىق كۆكتوقاي ناھىيىسىگە: «ھۆكۈمەت بىزگە چارە كۆرمىسە، بالا-چاقىمىزنى ياندۇرۇپ بەرسە، بۇ ھەقتە ئىشەنچىلىك ۋەكىل ئەۋەتسە تەسلىم بولىمىز» دىگەن تەلەپنى قويدى. بۇ تەلەپ قولىمىزغا تېگىش بىلەنلا مەن ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ئادەم، پۇخرادىن مۇلقى ماغاۋىيە زالىك ئۈچىمىز ئالتايغا كېلىپ، ئەھۋالنى ۋالىغا مەلۇم قىلدۇق. ئۇ بىزنى بىر نەچچە كۈن ساقلىتىپ، ئاخىرىدا ئوسمان تەسلىم بولسا ھۆكۈمەت چارە كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بالا-چاقىلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىز ئالتايدىن چىقىپ قارا ئېرتىشكە بارغان چاغدا ئارقىمىزدىن 300 قۇراللىق ئەسكەر كەلدى. بىز بۇلارنى ئۇقۇشساق، بىز سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ بىخەتەرلىكىڭلارنى ساقلاشقا كەلدۇق، دەپ جاۋاپ بېرىشتى.



ئوسمان بىز بىلەن شىقىنتى دىگەن يەردە ئۇچرىشىمىز دەپ ۋەدە قىلىشقان ئىدى. بىز قارا ئېرتىشتىن ئۆتۈپ، بالا ئېرتىش دىگەن يەرگە بېرىپ توختاپ، ئوسمانغا ئۆزىنىڭ قىزى ۋە ماغاۋىيە زالىكنى ئەۋەتتۇق. لېكىن ئۇلار ئوسماننى تاپالماي قايتىپ كەلدى. بۇ ئىككىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز قۇۋۇئۆي دىگەن يەردىكى ئەل ئىچىگە باردۇق. ئۇ يەردە ئەلنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ئوسماننى تېپىپ سۆزلىشىشكە قاراقاس مېرىباي زەڭگى باشلىغان بىر نەچچە ئادەمنى ئەۋەتتۇق. بۇلار چىڭگىلىك قايىرتى دىگەن جايدا ئوسمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆزلەشكەندە، ئوسمان: «بىز بالا-چاقىمىزنى شىقىنتىدا ساقلىغان ئىدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ كەينىدە 300 ئەسكەرنىڭ كەلگەنلىكىنى قاراۋۇللار كۆرۈپ خەۋەر قىلغاندىن كېيىن جايىمىزنى يۆتكەپ كەتتۇق، ھۆكۈمەتنىڭ بالا-چاقىنى ئەكىلىشى پەقەت بىزنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈش، ئۇ ئەسكەرلەر تۇرغاندا بىز تەسلىم بولمايمىز» دەپ بارغان كىشىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بىز بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ۋىلايەتكە ئادەم ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدۇق، ۋىلايەت بۇيرۇق بېرىپ ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمانغا ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇۋاتقىنىمىزنى، بىز بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر پەقەت مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى، ئۇلار قۇرال-ياراقلارنى تاپشۇرۇپ بەرسىلا ھۆكۈمەت ھېچقانداق چارە كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەدىلقان بەي، مۇلقى سالىخ تەيجى قاتارلىق بەش كىشىنى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتتۇق. نەتىجىدە، ئابدىراخمان، قاباس، كادىرباي قاتارلىق 13 ئادەم بىزگە تەسلىم بولدى. ئوسماننىڭ ئوغلى شېردىمان، كېلەس، سۇلايمان قاتارلىق بەش كىشى: «بىز ئىككى ئايغىچە

قاراپ كۆرىمىز، تەسلىم بولغان كىشىلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا چارە كۆرۈلمىسە 9 - ئايدا ئۆزىمىز خەۋەر بېرىپ سىلەرگە قوشۇلىمىز، شۇنىڭغا قەدەر ھۆكۈمەت بىزنى «ئىزدىمىسۇن» دېگەن سۆزنى ئېيتىپ ئۆزلىرى كەلمەي قېلىپ قالدى. بىز تەسلىم بولغانلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئوسمان بىلەن سولايماننىڭ بالا - چاقىلىرىغا باشقىلار كېپىل بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆكتوقايغا ئېلىپ كېلىپ ھاكىم ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ راسخوت بېرىپ باقتۇق، لېكىن تەسلىم بولغانلارنىڭ ئىچىدىكى چېرۈچى كادىر باينى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈي قولىغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى.

ئوسمان تەرەپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەسلىم بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، قوزغىلاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىلگىرى تەسلىم بولغانلاردىن بىر قانچىسى يەنە قېچىپ كېتىپ ئوسمانغا قوشۇلىۋالدى ۋە ئەلنى پاراكەندە قىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا باشلىدى. 10 - ئايغىچىلىك ئوسماننىڭ ئادىمى كۆپىيىپ 40 نەچچە ئادەمگە يەتتى. ئەل ئىچىگە ئەسكەر چىقسا ئۇلار مۆكۈنىۋالاتتى.

شۇ يىلى قابى ئۈچ كىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرمىدا ياتقان ئىنىسى قەلىلنى يوقلاپ نەرسە - كېرەك ئېلىپ كەلدى. شېڭ شىسەي بۇلارنى قەلىل بىلەن كۆرۈشتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ قويدى، لېكىن ئۇلار بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىقىپ ئالتايغا كېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ۋە قانداق قېچىپ كەلگەنلىكىنى قەلىلنىڭ ئوغلى سايىپ كۆكتوقاينىڭ شەنجاڭغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان



كۆكتوقاي گۇڭئەنجۈي ئىدارىسى 20 ئەسكەر ئەۋەتىپ، قېچىپ كەلگەن قابى باشلىق ئۈچ كىشى بىلەن سايىپنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن سايىپ پۈتۈن ئاۋۇلى بىلەن قارشى قوزغىلىپ، ئىككى ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئولجا ئالدى ۋە قولغا چۈشۈپ باغلاپ قويۇلغان كىشىلىرىنى بوشىتىپ قەلىلنىڭ ئىنىسى قابى، بالىلىرى سايىپ، غەزىز ۋاقىتلار باشچىلىقىدا 20 ئادەم بولۇپ ئوسمانغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۇلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆكۈمەت، ئوسمانغا قاراشلىق ئەل جايلاشقان ئۇندىرقارا دېگەن يەرگە 300 ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئوسماننىڭ ئادەملىرى كۆپىيىپ 80 دىن ئاشقان ئىدى. ئۇلار ئەلگە ئەسكەر كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. بۇ 1943 - يىلى 1 - ئاي ۋاقتى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا سايىپقا ئوق تېگىپ ئۆلدى. قالغانلار ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قانچە تال مىلتىقىنى ئولجا ئېلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئەلنىڭ كۆپلىگەن كىشىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇم دېگەن جايغا يۆتكىلىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا مۇئاۋىن ۋالى تەبىن، داۋالغۇپ تۇرغان ئەلنى توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن كۆكتوقايغا كەلدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مېنىڭ كۆكتوقايدا تۇرۇشۇمغا مۇمكىن بولماي قالدى، چۈنكى ئەلنى تېپچىلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىگەن تەشۋىقى خىزمەت، بېرىلگەن ۋەدىلەر ئەمىلىلەشتۈرۈلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا - چاقىلىرىمنىڭ ئالتايدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بانا قىلىپ خىزمىتىمنى ئالتايغا يۆتكەش ھەققىدە مۇئاۋىن ۋالى تەبىنگە ئىلتىماس يازدىم. ئىلتىماسىم تەستىقلىنىپ، 43 - يىلى 2 - ئايدا ئالتاي ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدىم.

قوزغۇلاڭچىلار قىشنى قۇمدا ئۆتكۈزۈپ، ياز چىقىش بىلەنلا ئالتاي تاغلىرىغا كەلدى، بۇ جەرياندا كۆكتوقاي خەلقىنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى زور ئېغىرچىلىقلار چۈشتى، چۈنكى كۆكتوقاي شەھىرى بىلەن ئەل ئىچىگە ناھايىتىمۇ كۆپ ئەسكەرلەر يۆتكىلىپ كەلگەچكە ئۇلار ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى خەلقتىن ئالاتتى. ھەربى يۈرۈشلەرمۇ ئۇستى - ئۇستىگە كۆپىيىپ تېچ تۇرغان باشقا ئالتە ناھىيىنىڭ ئۇستىدىكى ئېغىرچىلىقمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. ھەربى لاۋازىماتلار، ئوزۇق - تۈلۈكلەر، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئۇستىگە چۈشەتتى.

43 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شىڭ شىسەي سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق كېلىشىمىنى بۇزۇپ، يەرلىك ئادەملەرنى سوۋېت كىشىلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىدى ۋە خەلقنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ يىلىنىڭ ياز پەسلىدە قوزغۇلاڭچىلار كۆكتوقايدىكى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ سوۋېتتىن ياردەم ئۈچۈن ئوق - دورا، ئۇن، رەخ، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ۋە قورال - ياراقلارمۇ كۆپەيدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلالايدىغان بولۇپ قالدى، 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇلىيە قوزغۇلاڭچىلارغا قامىقاچى دىگەن قازاقنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ: «سىلەرنىڭ بۇ كۆرىشىڭلار ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئازاتلىق كۈرەش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بىز سىلەرگە ياردەملىشىمىز، مۇشۇ توغرۇلۇق كېلىشىم تۈزسەك» دىگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوسمان بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ۋەكىلگە ئىشەنمەي: «سەن بولساڭ قازاقسەن، موڭغۇلىيىنىڭ ھۆكۈمەت كىشىلىرى كېلىپ بىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، كېلىشىم تۈز



باش تارتمايمىز» دىدى. ئاندىن موڭغۇلىيىدىن ھۆكۈمەت كىشىلىرى كېلىپ، قوزغۇلاڭچىلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. ئۇلار قايتقاندا ئوسمان 2 كىشىنى قوشۇپ موڭغۇلىيىگە ئەۋەتتى. بۇلارغا موڭغۇلىيىگە بارغاندىن كېيىن بىردانە يەش ئاتار، 2 دانە ماۋزىر بېرىپ: ھەركەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشنى، قورال لازىم بولسا، 9 - ئايدا بۇلغۇن چېگرىسىغا كېلىپ ئېلىشنى ھەم سوقۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. 2 - نۆۋەت يەنە 30 تال بەش ئاتار، بىر تاپانچا بېرىپتۇ. بۇرۇلتوقاي بىلەن چىڭگىل خەلقى قوزغۇلاڭچىلارغا قوشۇلمىغانلىقتىن، قوزغۇلاڭچىلار ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ جازالىدى. ئاندىن كېيىن سارتوقايدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ 20 دانە قورال ئولجا ئېلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆكتوقاي ئېلى ئىچىگە كىرىۋالدى. 10 - ئايدا ئالتايدىن نۇرغۇن ئەسكەر كېلىپ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ بۇرۇلتوقاي دەريا بويى، قارا بۇلغۇن دۆرە قاتارلىق جايلاردىكى قوزغۇلاڭچىلار بىلەن جەڭ قىلدى. قوزغۇلاڭچىلار بۇ نۆۋەتتىمۇ 20 نەچچە مىلتىق ئولجا ئالدى، لېكىن زور بىر قىسىم مۇنتىزىم ھەربى كۈچىنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالماي چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن چېگرىسىغا چېكىنىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. قوزغۇلاڭچىلاردا 100 ئۆيلۈك ئائىلە جەمى 700 نوپۇس بار ئىدى، ئۇلارنى موڭغۇلىيە تەرەپ قوبۇل قىلىپ قوغدىدى، بۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرەپ قوزغۇلاڭچىلار خەلقنى بۇلىماقچى دىگەن تەشۋىقنى يۈرگۈزۈپ چىڭگىل ئېلىنى چىڭگىل بازىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىۋالدى.

44 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوسمان موڭغۇلىيە چېگرىسىغا كىر ـ
لىپ، موڭغۇلىيىدىن ئاپتومات، ماۋزېر، بەش ئاتار قاتارلىق
500 دانە قۇرال ئېلىپ قايتتى.
قوزغۇلاڭچىلار قۇراللانغاندىن كېيىن 3 ـ ئايدا بۇلغۇن
دەرياسىنىڭ قۇيۇلىشىدىكى ئاغاچ ئوبا دىگەن يەردە ياتقان
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. موڭغۇلىيىدىن بىر
ئايروپىلان كېلىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى بومبىغا تۇتتى.
ئىككى تەرەپلىك زەربىگە ئۇچرىغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ
كۆپلىگەن ئادەملىرى قىرىلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى. بۇ
چاغدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن قاراقاس قوسايىن دىگەننى
چىڭگىل ئېلىگە، قوزغۇلاڭچىلارغا قوشۇلماسلىق ھەققىدە تەش ـ
ۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى. چىڭگىلنىڭ ھاكىمى 4 ـ ئاينىڭ باشلى ـ
رىدا 900 ئائىلىدىن ئىبارەت چىڭگىل ئېلىنى قۇراللىق قوز ـ
غۇلاڭ بېسىقتۇرۇلغىچە گۇچۇڭدا ۋاقىتلىق تۇرۇپتۇرىمىز دەپ
ئالداپ، ئۇنىمىغانلارنى قۇرال كۈچى بىلەن ھەيدەپ گۇچۇڭغا
كۆچۈردى. ساقچى ئىدارە ۋە باشقا ئىدارىلار كۆكتوقايغا كۆ ـ
چۈپ، چىڭگىل پۈتۈنلەي قوزغۇلاڭچىلاردا قالدى.
ئەلنى گۇچۇڭغا ھەيدىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قوزغۇلاڭچى ـ
لار قاپاس قۇماندىسىدا 100 نەپەر قۇراللىق كىشىنى ئاتلاندۇ ـ
رۇپ، ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشىپ توسايدۇ. ماكانلىرىدىن ئىختى ـ
يارسىز كۆچۈرۈلگەن خەلق قوزغۇلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، ھاكىمنى
ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭغان ئەسكەرلەر گۇ ـ
چۇڭغا قاچىدۇ. خەلق قايتىدىن چىڭگىلدىكى ماكانلىرىغا ئو ـ
رۇنلىشىپ پۈتۈنلەي قوزغۇلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتىۋالىدۇ.
ھۆكۈمەت چىڭگىل ئېلىنى گۇچۇڭغا ھەيدىگەندە، كۆكتو ـ
قايلىقلارنى ئالتاي ناھىيىسىگە، بۇرۇلتوقايلىقلارنى جىمىنەي



ساۋەن ناھىيىلىرىگە ھەيدىدى. شۇنداق قىلىپ، كۆكتوقاي بىلەن
بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىدە كىشى قالماي پەقەت ھەربىلەرلا قالدى.
شۇ يىلى 7 ـ ئايدا موڭغۇلىيىدىن تەشكىللەنگەن 300 كى ـ
شىگە يېقىن پارتىزانلار قابىي دىگەن قازاقنىڭ رەھبەرلىكىدە
ئالتاي، بۇرچىن ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ ئالتاي
ۋىلايىتىگە كەلدى. قوزغۇلاڭچىلاردىن قىستاۋباي، ئابدۇرۇسۇل
باشلىغان 15 كىشى بۇلار بىلەن بىللە كەلدى. بۇلار دەلىل ـ
قانىنىڭ خەلققە يازغان خېتىنى ئەكىلىپ تاپشۇردى ھەم دە ـ
لىلقانىنىڭ ئائىلىسىگە يازغان خېتىنىمۇ بەردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلارغا ئالتاي ناھىيىسىگە قاراشلىق ئېساغاسى، قازىبىك، چى ـ
رۇچى ئۇرۇغلىرىنىڭ كۆپچىلىگى ۋە دەلىلقانىنىڭ ئاۋۇل جەمە ـ
تى قوشۇلۇپ موڭغۇلىيىگە ئۆتتى. بۇ چاغدا ئالتايدىكى گومىن ـ
داڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيىدىن پارتىزانلار كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ
مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر ئەۋەتىپ سوقۇشۇپ، پەقەت بىر بۆلۈم
ئەلنىلا تۇتۇپ قالالىدى. پارتىزانلار ۋە كۆپلىگەن ئەل كىشى ـ
لىرى موڭغۇلىيىگە ئۆتكەندىن كېيىن بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرى ـ
دىكى ئەل ئىچىدىن ئادەم توپلاپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قوشۇۋې ـ
لىپ قابا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتى، لېكىن قابانى ئالالماي
چېكىندى. قابىي چېكىنگەندىن كېيىن قابا ئېلى قېچىپ قابا
چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ
ۋاقىتتا قوزغۇلاڭچىلاردىن كىلەس باشچىلىغىدىكى 300 كىشى
(بۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن گۇۋىن قۇر ـ
باش، ئەرىپباي دىگەن كىشىلەر بار) جىمىنەي ناھىيىسىگە بې ـ
رىپ، جىمىنەي، قوبۇق ناھىيىلىرىدىكى قازاق، موڭغۇللارنى
ئەگەشتۈرۈپ، جىمىنەيگە ھۇجۇم قىلىشتى، ئەمما جىمىنەينى
ئالالماي چېكىندى. سوقۇش ۋاقتىدا جىمىنەي، قوبۇق ناھىيە ـ

لىرىنىڭ ئەللىرى قوزغولاڭچىلىرى تەرەپتە بـولغانلىقتىن، جە- بىلەن بىر نەچچە يۈز كىشىلەرنى ئولجا ئېلىپ ئۇلارنى گۆچۈڭ-
ىمنەي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ كەتتى.          غا ئەكىلىپ قامىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى قىرىلىپ تـۈگىدى.
ئالتاي ناھىيىسىدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتكەنلەر موڭغۇلىيىنى بۇ چاغدا موڭغۇلىيە مىناميوت، پىلىموت قاتارلىق ئېغىر قـۇ-
ئايلىنىپ بولغۇن چېگرىسىدىن ئۆتۈپ قوزغولاڭچىلارغا قوشۇلدى راللار، يەنە بەش ئاتار، ئاپتومات، ماۋزېر قاتارلىق 1700 تال
شۇ ئەل بىلەن بىللە دەلىلقانمۇ موڭغۇلىيە ئارقىلىق قـوزغۇ- قۇرال ئەكىلىپ قوزغولاڭچىلارنى تولۇق قۇراللاندۇردى.
لاڭچىلارنىڭ ئىچىگە كىلىپ قوشۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقـى بە-          جىمنەي، قابا ناھىيىلىرى ئارقىلىق ئۆتكەن ئەلگە را-
لەن موڭغۇلىيىدىن قوزغولاڭغا ياردەملىشىش ئۈچۈن مـەخسـۇس مازان زالىڭ باشلىق بولدى. سـوۋېت ئىتتىپاقىدىن كـەلگـەن
كىشىلەر مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەن ئىدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قورماش، ئارپىبايلار گۇۋىن بولدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ سوۋېتكە
قازاق بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەلىقان باشلىق 10 نەچ ئۆتكەن ئەلدىن 500 يىگىتنى تەشكىللەپ پارتىزان ئويۇشتۇردى.
چە كىشى، موڭغۇلىيىدىن قالقاباي باشلىق 7 ـ 8 كىشى كەلدى ئۇلار پۈتۈنلەي سوۋېت ھوكۇمىتىنىڭ مىلتىقلىرى بىلەن قۇرال-
كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قازاق. ئوسمان، دەلىلقانلار بـۇلارغـلاندى. ئۇلار قۇراللىنىپلا جىمنەي ناھىيىسى ئارقىلىق قـايتـ-
ئىككى كىگىز ئۆي تەييارلاپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلدىن ئۆتۈپ كىلىپ، جىمنەينى قورشاۋغا ئـالدى. بـۇنىڭدىن
گەنلەرنى «ئاق ئۆينىڭ ئادەملىرى»، موڭغۇلىيىدىن كەلگەنلەر باشقا تارباغاتاينى قـورشاش ئـۈچۈن دۆربىلجىن نـاھىيىسىگە
نى «كۆك ئۆينىڭ ئادەملىرى» دەپ ئاتىدى.          باردى. يەنە تارباغاتايدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشتى.
قوزغولاڭچىلارنىڭ ئاساسىي رەھبىرى ئوسمان بولۇپ، دە شۇ يىلى قىشتا، يەنى 44 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 45 ـ يىلىنىڭ باشلىنىشـ-
لىلقان ھەربى ئىشلارنى باشقۇردى. بۇلار سوۋېتتىن ھەم مـوڭدا چىڭگىلدىكى قوزغولاڭچىلار مورى، گۆچۈڭ، بارىكۆل قاتارلىق
غۇلىيىدىن كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇش قائىدە ـ تـەرىپەرلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. مورىدىن بىر بۆلۈم ئەلنى بـەيتىك
تىپلىرى تۈزۈپ ئىش ئېلىپ باردى. 9 ـ 10 ـ ئايلاردا ئوسمانتېغىغا ھەيدەپ كەتتى، شۇنىڭدەك تىيانشان بويلىرىدىكى ئـەل-
دەلىلقانلارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە نۇرغوجاي، مانات باشچىلىغىلەرگىمۇ تېگىپ قوشۇلغانلىرىنى ئالتايغا كۆچۈردى. قـوزغولاڭ-
دىكى 500 دەك ئادەم ئالتاي، بۇرچىن نـاھىيىلىرىگە كىلىشچىلار مۇشۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن يۈرگەن چاغدا، قۇتۇبى نا-
شۇ يەردىكى ئەلنى چىڭگىل يېرىگە ھەيدەپ بېرىپ ئـورۇنلاشھىيىسىنىڭ ئاقتاباق دىگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق يەرلىك قـا-
تۇردى. بۇ چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىلىرى پەقەت شـەھەرلەرنىزاقلاردىن 300 ئائىلىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قـوزغـولاڭچىلار
ساقلاپ، ئەل بىلەن كارى بولمىدى.          تەرەپتە بولدىڭلار دىگەن بانا بىلەن ئوقتا تـۇتـۇپ 100 دىن
گومىنداڭنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى قارا تۇڭكە دىگەن يىارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلىۋالدى. ئات-
رىدە تۇرغان ئەسكەرلەر ھەيدەلگەن ئەلنىڭ كەينىدە قالغان ئۆلىغى بارلىرى ئالتاي تەرەپكـە قېچىپ قـۇتۇلدى. قىرغىنغـا
نەچچە مىڭ قوينى، يول ئاداشقان 40 ـ 50 ئۆيلۈك ئـائىلىلىئۇچرىغانلار ئات ـ ئۇلاقلىرى يوق كەمبەغەل چارۋىچىلار ئىدى.

بـۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر گومىنداڭ هۆكۈمىتىگە نارازى
بولۇپ ئالتاي تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىدى.

45 ـ يىلىنىڭ 2 ـ، 3 ـ ئايلىرىدا موردىن بەيتىككە قەدەم
قوزغۇلاڭچىلارغا ئەگىشىپ بارغان جۆكەي باشچىلىقىدىكى ئـەل
ماللىرى جۇتتىن قىرىلىپ، قوزغۇلاڭچىلاردىن بۆلۈنۈپ مـورىغـ
قېچىپ قايتىدىن كۆچتى. ئۇلارنى توساش ئۈچۈن قوزغۇلاڭچى
لار بىر نەچچە قۇراللىق ئادەم چىقىرىپ قـوغلىدى. قـاچقـا
ئەل قوغلىغۇچىلار بىلەن يول بويى ئېتىشىپ، قـوزغۇلاڭچىلار
دىن قوۋانشباي، كارىمىن دىگەن كىشىلەرنى ئـۆلتۈرۈپ بـو
بەرمەستىن ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەلدى.

مۇشۇ قىشتا چىڭگىل يېرىدىكى خەلقلەر قىشلاقتا سىغىشما
قالدى، مال بېقىش قىيىنلاشقانلىقتىن ماللار جـۇتتىن قىرىلـ
كەتتى. يۇرت ئىچىدە ئاچارچىلىق، ئوغرىلىق كۆپىيىپ كـەتتى

بۇنىڭدىن بىر يىل بـۇرۇن يـەنـى 44 ـ يىل 9 ـ ئـاي
شىڭ شىسەي يۆتكىلىپ، ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن كـەلدى. يـەنـ
يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا قوزغۇلاڭ باشلانغان ئىدى. ۋۇ جۇڭ
شىن هاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن خەلقنىڭ قـۇرا
لىق قـوزغـۇلىڭىنى ئالدامچىلىق يولى بىلەن باسماق بولۇپ
40 ـ يىلى قامالغان ئەلەن ۋاڭ، كۆكەنەي تەيجى، بەدى، قـا
ناپىيا، تاتاي تەيجى قاتارلىق تىرىك قالغان ئادەملەرنى تۆر
مىدىن بوشاتتى. شەرىپقان، بوقات ۋە كەكىن، قـالېل، ئـال
بـورانبـاي تـەيجىلـەرنىڭ ئـۆلگـەنلىكىنـى ئېـلان قىلـدى
شۇ قاتاردا ئىلى، تـاربـاغاتايلاردىن قـولغـا ئېلىنغان قـاز
باشلىقلىرىنىمۇ تۈرمىدىن بوشاتتى.

شىڭ شىسەي كېتىدىغان چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ يـۇقـۇرىشى
مـەكتەپلىرىدە ئـوقۇۋاتقـان ياشلارنى، يـەنە كۆپلىگەن



لەرنى تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. بـۇلارنىمۇ يـۇقـۇرقى كىشىلەر
قاتارىدا تۈرمىدىن بوشاتتى.

ۋۇجۇڭشىن: «كـۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى،
قىرغىنغا ئـۇچرىشى، شىڭشىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كـۆر-
سەتكەن يولىيورۇغىدىن بـولغان ئىشلار، بۇنىڭدىن كېيىن شىنـ
جـاڭ خـەلقى بـەخت ـ سـائادەتتە هايات كۆچۈرىدۇ. پـۈتكـۈل
شىنجاڭ خەلقى تېچ بولۇشى كېرەك.» دىگەن مەزمۇندا تەشۋىـ
قات تارقاتتى. بۇ تەشۋىقاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنـ
جاڭنى تېچلاندۇرۇش تەشۋىقات هـەيئىتى قـۇرۇلدى، ئـالتـاي
قوزغۇلاڭچىلىرىغا تـەشۋىـق يۈرگۈزۈپ تېچلانـدۇرۇش ئـۈچـۈن
ئەلەن ۋاڭ باشلىق تەشۋىقات ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. ئـۆمەك
تەركىۋىدە كۆكەنەي تەيجى، مۇقاش جـاكە ئـوغلى، قـانـاپىيە
يۇسۇپبېكوف، شەمسى مەمى ئوغلى، بـەدي، ئـۆمىرقان، تـاتـاي
تەيجى قاتارلىقلار بولدى. بـۇلارغا يـەنـە 44 ـ يىلى جۇڭشۇن
تـۇەنگە ئوقۇشقا كېلىپ قايتالماي قالغـان قاجى نەبى (مەن)،
زەنبىي، دەلىلقان (جـانىمقاننىڭ ئوغلى)، جاقىپبېك قـاتارلىق
18 ئـادەمنى قوشتى. بۇ ئۆمەككە ئالتايغا ۋالـى بـولۇپ بەلـ
گىلەنگەن گاۋپېيۋي، ئـالتاي سـاقچى ئىدارىسىنىڭ بـاشلىقى
لىخۇكيۇن ئورۇنباسار بولۇپ بەلگىلەندى. بۇلارنى يـۈزگە يېـ
قىن ئەسكەر مۇهاپىزەت قىلىپ ئالتايغا ئېلىپ مـاڭدى. بـۇر-
چىنگـە كـەلگەندىن كېيىن كۆكەنەي، بەدى باشلىق بىر قانچە
ئادەملەر تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى ئېلىپ قاباغا كەتتى. بـۇنىڭدىكى
مەقسەت، سوۋېت تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئـەلگـە يـوشۇرۇنچـە
ئەۋەتىپ ئۇلارنى قـايتۇرۇپ كېلىش ئىدى. بـۇ چـاغدا
كىشورشاۋدا قالغان جىمىنەينىڭ هاكىمى ناهىيىنى قوزغۇلاڭچىلارغا

تاشلاپ، بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدا ئالتايغا قاچتى،
تەشۋىقات ئۆمىگى بولسا بۇرچىندا ئىدى. جىمىنەيدىن قاچقانلار-
نى قوغلاپ كەلگەن قوزغولاڭچىلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىش ئۇ-
چۈن: «شېڭشىسەي ئۈرۈمچىدىن كەتتى. تۈرمىدىكى كىشىلە
قويۇپ بېرىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭشىسەينى قۇتقۇزۇپ
ئادەملەرنى قاماتقان، شۇڭا سوۋېت ھۆكۈمىتى سىلەرگە ۋاپا
قىلمايدۇ، قايتىپ كېلىڭلار» دېگەن مەزمۇندا تەشۋىق ۋەرەقلىرى
نى يېزىپ ئەۋەتكەن بولساقمۇ، ئۇلار بۇ تەشۋىقىمىزغا پىسەنت
قىلمىدى. دەل شۇ مەزگىلدە بۇرۇلتوقاينىڭ ھاكىمى نۇرمۇھەم
مەت قوزغولاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى مانات قاتارلىقلا
بىلەن سۆزلىشىپ، ماناتنىڭ تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقى
توغرىسىدىكى خەۋەرنى تەشۋىقات ئۆمىگىگە يەتكۈزدى. ماناتنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقات ئۆمىگى بۇرۇلتوقايغا باردى
بۇلار بېرىپ نۇرمۇھەممەت بىلەن شىتەي دېگەن ئىككى كىشى
ئەۋەتىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن مانات 30 نەپەر قۇراللىق ئا
دىمى بىلەن گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ قېچىپ كەلدى.

تەشۋىقات ئۆمىگى چىڭگىلدىكى ئوسمان، دەلىلقانلارغا
تەسلىم بولۇش توغرۇلۇق خەت يېزىپ، ئەنۋەر مەمى ئوغلى
تاتاي ئالىم ئوغلى، قۇسەيىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتتى
ئۆزلىرى 4 ـ ئاينىڭ ئىچىدە ئالتايغا كەتتى. لېكىن ئوسمان
دەلىلقانلار تەشۋىقات ئۆمىگى ئەۋەتكەن بۇ كىشىلەرنى ئۆزلى
رىگە قارىتىۋالدى. باش تارتقان ئەنۋەرنى تۇتۇپ موڭغۇلىيە
ئېلىپ كېتىپ قامىتىپ قويدى.

گومىنداڭنىڭ تەشۋىقات ئۆمىگى ئالتاي شەھرىگە كەلى
مەستىن بۇرۇن 1944 ـ يىلى ئاق ئورۇسلاردىن (كازاك) تە
كىللەنگەن 150 ئەسكەر بىلەن بۇرىبجاپ دېگەن موڭغۇل



باشچىلىقىدىكى 120 نەپەر موڭغۇل ئەسكەرلەر تۇلتى ۋە باشقا
جايلاردىكى چەت ياقىدا قالغان قازاقلارنى بۇلاپ ئادەملىرىنى
ئۆلتۈرۈپ يۈرەتتى. مەسىلەن: موڭغۇل ئەكسىيەتچىلىرى باشچى-
لىقىدىكى ئەسكەرلەر توقتى پىشەن دېگەن دېخاننىڭ ئائى-
لىسىدىكى ئادەملەرنى تۈگەل قىرىپ تاشلىغان، يەنە شىمىر-
شەك، ئەۋتەن قاتارلىق يەرلەردە ئورۇنلاشقان بىر نەچچە ئائىلى-
نىڭ ئون نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ئالتاي شەھىرىنىڭ يې-
نىدىكى نوغايتى دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق توكىش دېگەن
ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى 5 نەپەر ئادەمنى پۈتۈنلەي بوغۇزلاپ
تاشلىدى. شۇ سەۋەپتىن توكىشنىڭ تۇققانلىرى ئىنتىقام ئې-
لىش ئۈچۈن كېشىلىك دېگەن موڭغۇلنىڭ ئائىلىسىدىكى ئون
نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنى بانا قىلىپ موڭغۇل
ئەسكەرلەر نوغايتىدىكى 3 ئائىلىنىڭ 21 ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى.
ئورۇس ئەسكەرلىرى بولسا بۇرچىن بىلەن ئالتاي ئارى-
لىغىدىكى يولدا كېتىۋاتقان تۆرشىكە، قىدىش، نۇرتازا قاتار-
لىق 20 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مۇنداق مىساللار
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تەشۋىقات ئۆمىگى ئالتايغا بارغاندىن
كېيىن، بىگۇنا خەلقنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تاپىلاپ ئورۇس،
موڭغۇل ئەسكەرلىرى ھەم شۇلار بىلەن بىرلىكتە خەلق ئەسكەرلىرى
نام بىلەن تەشكىللەنگەن 150 كىشىلىك خەنزۇ ئەسكەرلەردىن
باشقا مانات باشلىقلىقىدا 80 دىن ئوشۇق قازاق ئەسكەرلىرى
تەشكىللىدى. بۇنىڭغا سىياسى رەھبەر قىلىپ كاكىم ئۆمىربا-
نىنى بەلگىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ ئىچىدە تەشۋىقات ئۆمىگى شەھ-
مەمى ئوغلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە (مەنمۇ بار) بىر نەچچە
ئادەمنى كۆكتوقاي خەلقىنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ
قوزغولاڭچىلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. مانات باش-

چىلىغىدىكى 80 ئەسكەر بۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بىلـله
ماڭدى. بۇلار ئىرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىغاندا قۇسايىن
باشچىلىغىدىكى 500 گە يېقىن قۇراللىق قوزغۇلاڭچىلار يول
توساپ ئوق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەشۋىقاتچىلارنىڭ
ئوزۇق-تۈلۈك نەرسە-كېرەكلىرىنى ئولجا قىلىپ ئۆزلىرى-
نى ئالتايغا قوغلىۋەتتى. شۇ پۇرسەتتە كاكىم ئۆمىربايىف
قېچىپ كېتىپ قوزغۇلاڭچىلارغا قوشۇلىۋالدى. 45-يىلىغا كەل-
گەندە قوزغۇلاڭچىلار دەلىلقانىنىڭ قۇماندانلىقىدا ياز بويى
ئالتاي شەھرىگە 4 قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنىڭ
مۇھىم جايلىرىنى توپقا تۇتۇپ، مىنا ئاتتى. 9-ئاينىڭ باش
لىرىدا ئىلى-تارباغاتايدىن ياردەمگە كەلگەن قوزغۇلاڭچىلا
(مىللىي ئارمىيە) قابا-بۇرچىن ناھىيىلىرىنى ئازات قىلىپ ئال
تايلىق قوزغۇلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ شەھەرنى قاتتىق مۇھا
سىرىگە ئالدى. شەھەردە بولسا، گومىنداڭ ساقچىلىرى ۋ
ئەسكەرلىرى خەلقنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا بۇلاڭ-تالا
قىلىشقا، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. قوزغۇلاڭچ
لارغا ھىسداشلىغى بار دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىلەرن
كېچە-كۈندۈزلەپ قولغا ئېلىشقا باشلىدى. شەھەردە تۇرۇۋ
خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن تەھدىت ئاستىدا قالغان كىشىلەرمۇ يوش
رۇنۇشقا، شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋ
ئىچىدە گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى ئالتاي يەرلىك خەلقى ئىچىد
كى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان خەلقپەرۋەر قاسىم بەختىيا
(ئۇيغۇر) دىگەن كىشىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھىسسىيا
بولغىنى ئۈچۈن قوزغۇلاڭچىلارغا يەر ئاستى خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، د
گۇمان قىلىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشتى. بىر
قاسىم بەختىيارىمۇ ئىلگىرىدىنلا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىگىنى پەملەپ، ي



گەچكە بىركېچىسىلا چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ يوشۇرۇن ھالدا
شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭنىڭ
ساقچى دائىرىلىرى يېرىم كېچىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە
باستۇرۇپ كىرىپ، بىگۇنا ئايالىنى قاتتىق سوراققا تارتىپ
ھىچنىمە چىقىرالماي ئېتىپ تاشلىغان. كىچىك ئوغلىنىڭ قارنى-
نى يېرىپ تاشلاپ، 8 ياشلىق قىزىنى نەيزە سانچىپ ئۆلتۈرگەن.
بويى يېتىپ قالغان قىزىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇ-
سۇللار بىلەن ئېسىپ قويۇپ، ۋەھشىلەرچە زورلۇق قىلىپ ئان-
دىن ئېتىپ تاشلاپ، ئۆيدە بار قولغا چىققىدەك نەرسىلەرنى
بۇلاپ چىقىپ كەتكەن. مۇشۇنداق شارائىتتا ئالتايدا تۇرۇش
خەۋپلىك بولۇپ قالغانلىغىنى سەزگەن ۋە تەشۋىقاتچىلىغىدىن
ھىچقانداق نەتىجە چىقماسلىقىغا كۆزى يەتكەن گومىنداڭچى
جانىمقان، شەمسى، ئەلەن ۋاڭ قاتارلىقلارمۇ جانلىرىنى قۇتۇل-
دۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاچتى. ئەلەن بىلەن جانىمقان
ئايروپىلاندا كەتكەنلىكتىن قۇتۇلۇپ كەتتى. ماشىنا بىلەن
قاچقان شەمسى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە بارغاندا قوزغۇلاڭچىلار-
نىڭ قولىغا چۈشتى.

ئالتاي شەھرى قورشاۋغا ئېلىنىپ زەربىگە ئۇچرىغاندىن
كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا قاچتى.
بۇلار چېگرىدىكى ئورمىگەيتى داۋىنىغا بارغاندا موڭغۇلىيە
ھەربىلىرىنىڭ قارشىلىغىغا ئۇچراپ، نەتىجىدە ۋەن سىجاڭ،
گاۋپىيۈيلەرنىڭ باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوز-
غۇلاڭچىلارغا قۇراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. پەقەت
دەي تۈەنجاڭ دىگەن ئۆزىگە قاراشلىق 300 چە ئەسكەر بى-
لەن قېچىپ قۇتۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالتاي ئازات بولدى، دەلىلقان سۈگۈربايىف ھەربى باشلىق، سوۋېت ئىستىتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن ئارىپباي ۋىلايەتلىك مەمۇرى ئىدارىغا ۋاقىتلىق ئورۇنباسار باشلىق بولۇپ بەلگىلەندى. 10 ـ ئايدا ئىلىدىن ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلار ئالتايغا كەلدى. بۇلار خەلقنىڭ قولىدىكى قورال ـ ياراقلارنى يىغىۋېلىش توغرۇلۇق ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە نامىدىن بۇيرۇق چىقاردى. يەنە مەجلىس ئاچماقچى بولۇپ، سوۋېت ئادەملىرىدىن دوسكېنوۋ دېگەن كىشىنى ئوسماننى مەجلىسكە چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. دوسكېنوۋ كېتىۋاتقان يولىدا خەلق قولىدىكى مىلتىقلارنى يىغقاچ ماڭدى، بۇ چاغدا ئوسماننىڭ مەسلىھەتچىسى موڭغۇلىيىلىك قالقاباي دېگەن كىشى ئىدى. دوسكېنوۋ بارغاندىن كېيىن ئوسمان يىغىۋالغان مىلتىقلارنى يېڭىۋاشتىن خەلق قولىغا تارقىتىپ بەردى ھەم خەلق قولىدىكى مىلتىقلار يىغىۋېلىنمىسۇن، ئەلىخان تۆرىلەر ئالتايدىن قايتىپ كەتسۇن دەپ سالام ئېيتىپ، دوسكېنوۋنى قايتۇرۇۋەتتى. دوسكېنوۋ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەلىخان تۆرە ئىلىغا قايتتى، ئوسمان 10 ـ ئاينىڭ ئىچىدە ئالتايغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا، دەلىلقان سۈگۈربايىف بىلەن شەمسى مەمى ئوغلى مۇئاۋىنلىقىغا، يەنە دەلىلقان ھەربى باشلىق بولۇپ بەلگىلەندى.

سايلامدا: قابانىڭ ھاكىملىقىغا كۆكۆنەي تەيجى، كۆكتوقايغا ۋاقىت تەيجى، چىڭگىلگە كۆكسېگەن، بۇرچىنغا ئەغزەم قارا ئوسپان ئوغلى، جىمىنەيگە ماقات قابىل تەيجى ئوغلى قاتارلىقلار بەلگىلەندى، شۇ قاتاردا ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىقىغا مەن بولدۇم. ۋىلايەتلىك سوت باشلىقلىق



غا كۆكسېگەن بىي، ۋىلايەتلىك گېزىتخانا باشلىقلىقىغا مۇقاش جەكە ئوغلى بەلگىلەندى. مۇشۇ مەجلىستە بۇرۇنقى ئىشلاردا ئۆلگەن ئادەم، تالانغان مال ـ مۈلۈك سۈرۈشتۈرۈلمىسۇن، دېگەن قارار چىقىرىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئازات بولۇشى بىلەنلا 9 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان قولىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى بۇربىجاپ، ماناتلار تۈرمىدىن بوشۇتۇلدى.

1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەلەن ۋاڭ، جانىمقانلار يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتىپ تەشۋىق قىلىش تۆپەيلىدىن كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن سۇلايمان، قاپاس، چىڭگىل ناھىيىسىدىن نەزىر تەيجىلەر ئۈرۈمچىدىن يوشۇرۇنچە ئەۋەتىلگەن رەخ، چاي قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالدى، يەنە يوشۇرۇن ھەركەت يۈرگۈزۈپ ئەلنى بۇزۇشقا كىرىشتى.

بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك مەمۇرى ئىدارە ھاكىممىيەت، مالىيە تۈزۈملىرىنى رەتلەپ ئىلى بىلەن بىرلىكتە ئىش باشقۇرۇش مەسىلىسىنى سۆزلىشىپ كېلىش ئۈچۈن مۇئاۋىن ۋالىي شەمسى، ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ مۇدىرى بەدى، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لاتىپلارنى ۋەكىل قىلىپ غۇلجىغا ئەۋەتتى. نەزىر، قاپاس، سۇلايمانلارنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى تۇسۇش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەشكە مېنى ۋە ۋىلايەتلىك سوتنىڭ باشلىقى ئەدىلقانىنى بۇيرۇدى. بىز بارغاندىن كېيىن ئۇلار: «رەخ، چاي قاتارلىقلارنى ئالغىنىمىز راس، ئەمما بىز ئۇلارنى ئالداپ ئېلىۋاتىمىز، گومىنداڭغا ئۆتەيلى دېگەن نىيىتىمىز يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گومىنداڭ بىلەن قايتا مۇناسىۋەت قىلماسلىققا ۋەدە بەردى.

46 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئوسمان: «سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، يايلاققا چىقىپ دەم ئالىمەن» دېگەن بانا بىلەن كۆكتوقاينىڭ ئارال يايلاۋسىغا كەتتى. چىڭگىلدىكى كۆكسىگەن ئۆكىردەي، نەزىر تەيجىلەر باشچىلىغىدىكى پۇخرالار ھۆكۈمەتكە ئوت ئۇچى بېجىنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بوي سۇنمىدى. بولۇپمۇ كۆكتوقاي، چىڭ- گىل ئەللىرىنىڭ باشقا ئايماقلارغا بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش- لىرى توختىمىدى. مەسىلەن: چىڭگىلدىن سېرىكباي باشچىلىغى- دىكى بۇلاڭچىلار بارىكۆل، مورىلاردىن 80 يىلقا بۇلاپ كەتتى، كۆكتوقايدىن شەرى زەڭگى گۈچۈڭ ـ مورى قاتارلىق يەرلەردىن 100 دىن ئارتۇق يىلقىنى بۇلاپ كەتتى.

ئوسمان ئەل ئىچىدە تۇرۇپ ۋىلايەت بويىچە ئەل باش- لىقلىرى، نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن باش قوشۇپ مەجلىس ئاچىمەن، دەپ مۇئاۋىن ۋالى شەمسى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ئۇۋاتقاننى چىڭگىلگە ئوقتۇ- رۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. كۆكتوقايغا ئۆزى خەۋەر قىلماقچى بولدى. غەربى 5 ناھىيىگە دەلىلقان ئارقىلىق خەۋەر قىلدى باشلىقلار كۆكتوقاينىڭ قۇۋ ئۆي دېگەن يېرىگە يىغىلدى دەل مۇشۇ چاغدا كۆكتوقايغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاغ ـ كا ئىنژېنېرلىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئوسمان ئۇلارغا نىسبەتە غەيرى نىيەتتە بولۇپ، ئىنژېنېرلارنىڭ ۋىلايەتكە ياكى ما خەۋەر قىلماستىن كېلىش ھەققى يوق. يېرىمىزگە كىرگۈزمەيمە ئۇلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك، دېد لېكىن ئوسماننىڭ بۇ پىكرىگە دەلىلقان باشچىلىغىدىكى كىشى قوشۇلمىدى. ئۇلار: سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە بىز بىل



دوست، نۇرغۇنلىغان ياردەم كۆرسەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قورال ئىشلەتمەي، ئاۋال سۆزلىشىپ كۆرۈش مۇۋاپىق بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان: ئىنژېنېرلارنىڭ كېلىشى، دەلىل- قان بىلەن ئۇۋاتقاننىڭ مەخپى كېلىشىم قىلىشى بىلەن بول- غان، دەپ قارىدى. ئاخىرىدا ئىنژېنېرلار بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئۈچۈن مەن، ئەدىلقان بىي، لاتىف، قۇرمان قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم باردۇق. سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇلار: «بىز كان قېزىش ئۈچۈن بۇيرۇق بىلەن كەلدۇق، بىز پەقەت بۇيرۇقنى ئورۇندايدىغان كىشىلەرمىز. سىزلەر بۇ مەسىلىنى كونسۇل بىلەن سۆزلىشىپ بىر تەرەپ قىلىڭىزلار» دەپ جاۋاپ بەردى.

بىز بۇ جاۋاپنى ئەكەلگەندىن كېيىن ئوسمان، دەلىلقان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سارسۈمبىدىكى كونسۇلىغا شەرى، ئەسەن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان مەجلىسكە كەلگەنلەرنى قوراللىق كۈچ بىلەن توساپ قايتۇرماي قويدى. شەرى، ئەسەنلەر كونسۇلغا بېرىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، كونسۇل ئۇلارغا: «بۇ مەسىلە توغرىلىق ئۆزەم بېرىپ ئوسمان بىلەن سۆزلىشىمەن» دەپ قايتۇرۇپتۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوسمان: «كونسۇلنىڭ مۇنداق دېيىشى، مەسىلىنى ئارقىغا سوزۇپ جاۋاپ بەرمىگەنلىك، ئال- ماڭتايدىكى ئاتلىق پولكنى چاقىرىپ كېلىپ ئىنژېنېرلارنى ھەر- بى كۈچ بىلەن قايتۇرىمەن» دېدى. بۇ گەپنى ئەسەن دەلىل- قانغا ئېيتىپ قويۇپتۇ، نەتىجىدە دەلىلقان ئىككىمىز پولكنىڭ ئىشتاپ باشلىغى ئەيتىكەن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى تەستىنباي ھەم پاتىخانلارغا خەت يېزىپ ناسىپ

دىگەن ئادەمنى يوشۇرۇنچە ئەۋەتتۇق. بۇ خەتتىكى سۆز «ئوسمان بۇزۇلدى، بىزنىڭ نامىمىزدا خەت يازغان تەقدىردىمۇ، سارسۇمبىدىكى ئاتلىق پولكنى قوزغىماڭلار» دىگەن سۆز ئىدى. بۇ خەت ئەۋەتىلگەندىن كېيىن دەلىلقاننىڭ پىكرى بويىچە ئوسمان بىلەن دەلىلقاننى ياراشتۇرۇش توغرۇلۇق مەن، سالىق، ئادىلقان، لاتىپ قاتارلىق بىر نەچچەيلەن ئارىغا چۈشۈپ، ئوسمانغا تۆۋەندىكىچە تەكلىپ بەردۇق: «بىز گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە ياردىمىگە يۆلىنىپ غەلىبە قىلدۇق. ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قالساق، ئازغىنە ئالتاي خەلقىنىڭ جان بېقىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن دەلىلقان ئىككىمىزلەر ئىتتىپاق بولۇپ مەجلىسكە كەلگەن خەلقنى قايتۇرۇڭلار، كونسۇل بىلەن دەلىلقان بىرىپ سۆزلەشسۇن» دىدۇق، شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان بىلەن دەلىلقان پىكىر بىرلىگىنگە كېلىپ مەجلىستىكىلەر تارقاشتى. كونسۇلنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەلىلقان، شەمسى، لاتىپ، ئەدىلقان، يەنە مەن سارسۇمبىگە ئاتلاندۇق. بىز كېلىپ كونسۇل بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە، كونسۇل: كان توغرۇلۇق ئوسمان بىلەن ئاغزاكى سۆزلىشىشنىڭ لازىملىغىنى ئېيتىپ، كۆپ كېچىكمەستىن ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىغىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەدىلقاننى ئوسمانغا ئەۋەتتى.

كونسۇل ئوسماننىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن ئوسمان كونسۇلغا توڭلۇق قىلىپ جاۋاپ بەرمەي قايتۇرۇۋەتتى. كونسۇل قايتىپ كېتىش بىلەنلا ئوسمان ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ هۆكۈمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭغا سېتىلدى. كېيىن گېنىرال ئىسهاقبەك ئۆزى كېلىپ ئوسمانغا نەسىهەت قىلدى. لېكىن



ئوسمان ئەكسىيەتچىلىك مەيداننىدىن يانمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ تۆۋەنكى بەش ناهىيىسىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز بۇلاڭچىلىق هەركىتىنى يۈرگۈزدى.

46 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان گومىنداڭدىن ئۇرغۇن قورال ـ جابدۇق ئالدى ۋە بۇرۇلتوقاي ناهىيىسىگە هۇجۇم قىلىپ ناهىيىلىك هۆكۈمەتنى بېسىۋالدى. بۇنىڭغا قارشى ئالتايدىكى ئاتلىق پولك كېلىپ بۇ باندىتلارنى قوغلىدى. شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى قىشىچە ئۈزلۈكسىز سوقۇش بولۇپ، ئاخىرى 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئوسمان كۆكتوقايدىن 150 ئۆيلۈك 700 ئادىمى بىلەن بەيتىك تېغىغا چىكىنىپ چىقتى. شۇ يىلى گومىنداڭ هۆكۈمىتى تۈركىستان نوغايباي ئوغلىنىڭ باشچىلىغىدا بىر بۆلۈم ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تارباغاتاي ئارقىلىق ئالتايغا بىرىشقا يولغا سالدى. بۇ گۇرۇپپا دۆربىلجىنگە كېلىپ ئەكسىيەتچى تەشۋىقات تارقاتقانلىغى ئۈچۈن تۈركىستان دۆربىلجىن خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۈركىستاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى بىلەن ئۆكسى ئەسىن 3 ۋىلايەتكە قارشىلىق بىلدۈرۈپ 100 ئۆيلۈك ئادەم بىلەن ئوسمانغا بىرىپ قوشۇلدى. بۇلار بەيتىككە كېتىۋاتقان يولدا يۈسۈپجان پولكۇنىك باشچىلىغىدىكى 3 ۋىلايەت ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشتى، بۇ سوقۇشتا 3 ۋىلايەت ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، يۈسۈپجان پولكۇنىك ئەسىرگە چۈشتى، ئىككى باشىنىدىكى 60 ئەسكەر تۈگەل ئوققا تۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، يۈسۈپجاننى تۇتۇپ ئوسمانغا تىرىك ئاپارغاندىن كېيىن ئېتىۋەتتى.

شۇ قاتاردا لاتىپ بىرىپ چىڭگىلدىن 400 ئۆينى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى كۆپەيتتى. بۇ 400 ئۆي

لۇكنىڭ ئۈششاق مال ـ ۋارانلىرى 3 ۋىلايەت ئەسكەرلىرىنىڭ قولـ
دا قېلىپ پەقەت چوڭ ماللىرى بىلەن باردى.
چىڭگىل ئېلى بەيتىكتىكى ياندىت ئوسمانغا بېرىپ قو
شۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭدىن كۆپلەپ قۇرال ئېلىپ، مىڭدەك
قۇراللىق ئادەم تەشكىللەپ، ئوسماننىڭ ئۇكىسى باندىت قاپ
پاس، قۇرمانلار باشچىلىقىدىكى باندىتلار بىلەن 8 ـ ئايدا ئال
تايغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئىبراھىمباي تۇەنجاڭ قارمىقى
دىكى 3 ۋىلايەتنىڭ بىر پولك ئەسكىرى كۆكتوقايدا بولۇپ
بۇلارنىڭ كۆكتوقايدا «توي ئويناپ، بەھۇزۇر ياتقان» ۋاقتىدى
پايدىلىنىپ، باندىتلار كۆكتوقاينى بېسىۋالدى، ئىبراھىمباي
نىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇس ئەسكەرلەر باندىتلارغا تەسلى
بولۇپ كەتتى، قالغان قىسىملىرى موڭغۇلىيىگە قېچىپ ئۆتۈپ
كەتتى. باندىتلار، كۆكتوقاينى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۈزۈلۈكسى
ھالدا ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئالتاي
بېسىپ كىردى. گېنېرال دەلىلقان ئەسكەرلىرى بىلەن تارباغا
تايغا چېكىندى.
باندىتلار ئالتاينى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئالتاينىڭ ھە
مە ناھىيىلىرىدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ مال
مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىدى. ئالتاي خەلقى قاتتىق ۋەيرانچىلىق
قالدى. بۇ ئارىلىقتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلە
لاتىپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا بەلگىلىنىپ كە
دى. لاتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 10 ـ ئاينى
باشلىرىدا گېنېرال دەلىلقان تارباغاتايدىن 3 پولك ئەسك
بىلەن كېلىپ ئالتاينى باندىتلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلدى. با
دىتلار كۆكتوقاي، چىڭگىل ئېلىنىڭ ھەممىسىنى، بۇرۇلتوقاي ئې



نىڭ بىر بۆلۈمىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، گۇچۇڭ،
مورى ناھىيىلىرىگە قېچىپ كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆكـ
توقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ كۆپ يېرىدە خەلق يوق بوش
قالدى، غەرپ تەرەپتىكى 4 ناھىيە بىلەن بۇرۇلتوقاينىڭ بىر
بۆلۈم خەلقى باندىتلارغا ئەگەشمەي ئۆز يەرلىرىدە قالدى.
شۇندىن كېيىن ئوسمان باندىتلىرى ئالتايغا قايتىدىن ھۇجۇم
قىلالمىدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ ماكانلىرىدىن ئايرىلغان كۆكتوقاي،
چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي ئەللىرى بولسا، شىنجاڭ ئازات بولۇپ
ئۇلۇغ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى كەلگەندىن كېيىن ئۆز ماكانلىرىغا
كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشتى.
ئەزگۈچىلەرگە، مۇستەبىت گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ زور-
لۇق ـ زومىگەرلىكىگە قارشى ئالتاي خەلقىنىڭ ئادالەتلىك
كۈرىشى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك جاپالىق دەۋرنى بېشىدىن
كۆچۈرسىمۇ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى-
نىڭ دانا رەھبەرلىكى بولمىغانلىقتىن خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ
مىۋىلىرى ئوخشاشلا بىر ئوچۇم فېئودال زومىگەرلەرنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كېتىپ تۇردى، ئالتاي خەلقى زۇلۇمدىن قۇتۇلمىدى،
خەلق ئىچىدە يوقسۇللۇق، كەمبەغەللىك ئەھۋال يەنە ئەۋەلقى-
دەكلا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىپ قالىۋەدى.
ئوسماننىڭ ئىلگىرى «مىللەت بايرىقىنى» كۆتۈرۈپ گومىنداڭـ
غا قارشى چىقىشى، ئاخىرىدا گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ
خەلقنى قىرغىن قىلىشى، ئادەملەرنىڭ مىللى مەقسەتتە ئەمەس،
سىنىپىي پەرقتە بىرلىشىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.
بۇنىڭدىن چىقىدىغان خۇلاسە: ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ
ئەزگۈچىلىرى بىر ئائىلە ئادەملىرى، ئۇلا ھەر مىللەت ئىزىلـ

گەن ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئوخشاشمىغان مىللەت-
لەردىن كېلىپ چىققان ئىزىلگەن ئەمگەكچىلەر بىر ئائىلە كىشى-
لىرى، ئۇلار تارىخنى قۇرغۇچىلاردۇر.
قاجىنەبى

يۇقارقىلار مېنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق كۆرگەن ـ ئاڭ-
لىغانلىرىم بولۇپ، يېزىش جەھەتتە بىلىم سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بول-
غانلىقىدىن بەزى كەمچىلىكلەردىن خالى بولالماسلىقى تۇرغان
گەپ. شۇڭلاشقا كىتاپخانلارنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرى بېرىشىنى
سەممىي سورايمەن.

قاجىنەبى ۋەلىيوف
1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.



# ئاتۇش ناھىيە ئىكساق كەنتىدە يېڭىچە زامان پەننى مائارىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئىبراھىم نىياز

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئاتۇش ناھىيە
ئىكساق كەنتىدە ئىلگىركى دىنى مەكتەپلەر ئىسلاھ قىلى-
نىپ، دىن بىلەن پەن قوشۇپ ئوقۇتۇلىدىغان يېڭىچە مەكتەپ-
لەر قۇرۇلۇپ، زامانىنىڭ تەلىۋىگە بىر قەدەر ئويغۇنلىشىدىغان
كۆپلىگەن زىيالىلار يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.
نوقۇل دىنى ئىلىم ئوقۇتۇلىدىغان مەدرىسلەردە پەننى
بىلىملەرنىڭ قوشۇلۇپ ئوقۇتۇلىشى شۇ زامانغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا زور تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات بولۇپ ھىساپلىناتتى. بۇ
خىل مەكتەپ دەسلەپتە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە قۇرۇلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆكۈمران دائىرىلەر بىلەن يەرلىك مۇتەئەس-
سىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن بۇ مەكتەپ
ئاتۇش ئىكساق كەنتىگە يۆتكەپ كېتىلدى. لېكىن بۇ ۋاقىت-
تىكى پەننى مەكتەپلەر مەدرىسلەرنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ
چىقىپ كېتەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال دەۋر تەلىۋىنىڭ ئېھتىياجىدىن
چىقالمايتتى. شۇ سەۋەپتىن 1883 ـ يىلى ئىكساق كەنتىدە

هۇسەيىن مۇسابايوپ، باۋۇدۇن مۇسابايوپ ئاكا - ئۇكا ئىككىيە- لەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈچ سىنىپلىق مەخسۇس پەننى مەك- تەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە ئىلگىرى قەشقەر خانلىق مەدرى- سە ۋە باشقا جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان كېرىماخۇن قاتار- لىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. كېيىنچە مەك- تەپ تەرەققىياتىدا بۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى ھىس قىلىنىپ چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش قارارىغا كەلدى. 1885 - يىلى كېرىماخۇن قاتارلىق 7 نەپەر كىشى قازان پېداگوك (دارىلمۇئەللىمىن) مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار 3 يىل ئوقۇپ 1888 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئېكىساقتىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇلار قايتىپ كەل- گەندە بۇ مەكتەپ تەرەققى قىلىپ 5 سىنىپلىق مۇنتىزىم مەك- تەپ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ ۋە ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققى قىلىپ سىنىپ سانى 8 گە يەتكەن ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئىككى ئاتۇش (ئاستىن ئاتۇش - ئۈستۈن ئاتۇش)، قەشقەر ۋە باشقا ۋىلايەت ناھىيىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيتتى. بۇ مەكتەپ شۇ چاغلاردا قازان، ئىستامبۇل قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان كەسىپلەردىن پايدىلىنىپ تىل ئەدەبىيات، ھىساپ، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، تەنتەربىيە غەزەل، رەسىم، رۇس تىلى، ئەرەپ، پارس تىلى، كېيىنچە خەنز تىلى قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتىۋەتتۈردى.

1892 - يىلىغا كەلگەندە چەتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىش تېخىمۇ كېڭەيدى. باۋۇدۇن مۇسابايوپ بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاس قول سېلىپ، ياش تالانتلىق كىشىلەرنى تاللاپ ئۇلارنىڭ پ



تۈن تەممنات - خىراجەتلىرىنى ئۆزى چىقاردى. شۇ يىلدىن باشلاپ رۇسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىرىلغان ئوقۇ- غۇچىلارنىڭ سانى 50 دىن ئاشقان ئىدى. چەتكە ئوقۇشقا كەت- كەنلەر قايتىپ كەلگىچە ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجنى نەزەر- دە تۇتۇپ باۋۇدۇنباي ئۆز نامىدىن تۈركىيىلىك ئابابەكرى ئەپەندى، ئەھمەت كامال، ئابدۇراھمان ئەپەندى، مۇكەررەم قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئېكىساق مەكتىۋىگە ئوقۇت- قۇچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ كىشىلەر كەلگەندىن كېيىن مەك- تەپنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى.

ئابابەكرى ئەپەندى ئاتۇشقا 1897 - يىلى كېلىپ 1905 - يىلى قايتىپ كەتتى. 1907 - يىلىغا كەلگەندە باۋۇدۇن مۇسابايوپنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئەھمەت كامال قاتارلىقلار ئېكىساقتا بىر سىنىپلىق (40 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان) دارىلمۇئەل- لىمىن سىنىپى ئاچتى. مەكتەپنىڭ مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگۈچىلەر ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق باشقۇرۇشىدا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىناتتى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەرلەرگە «ئەپەندى»، ئاياللارغا «موللاچام» دەپ ئۇنۋان بېرەتتى.

ئېكىساقتا قۇرۇلغان تۇنجى مەكتەپتە چوكانلار بىلەن قىزلارغا ئايرىم سىنىپ تەسىس قىلىنغان ئىدى. 1885 - يىلى قىزلار سىنىپىغا رائىلە بۇۋى موللاچام، سۇلتانخان موللاچام، نەسخەخان موللاچام قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئاستىن ئاتۇش بىلەن تەجەن مەشئەتتە قۇرۇلغان قىزلار سىنىپلىرىغا مۇشىپىت خانىم موللاچام قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەن. كېيىنچە ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىندىمۇ قىز - چوكانلار ئوقۇدى. ئۇلار

ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن ھەر قايسى يېزىلاردا ئېچىلغان
قىز - چوكانلار سىنىپلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىدى.

دىمەك، 1883 - يىلى قۇرۇلغان ئاتۇش - ئىكساق باش-
لانغۇچ مەكتىۋى شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۇنجى
قېتىملىق قۇرۇلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بولغىنى-
دەك، 1907 - يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىمۇ
شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم
ئىدى. بۇ مەكتەپ ھازىرقى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئال-
دىنقى گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەر قايسى جايلارغا
تارقىلىپ شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىمۇ يېڭىچە
مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تۇرپان، پىچان، گۇچۇڭ، قۇمۇل
غۇلجا، كۇچار، ئاقسۇ، قۇتۇبى، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، ئاس
تىن ئاتۇش قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن
نى مەكتەپ ياكى سىنىپلار ئېچىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇر
پاندا مەخسۇت مۇھىتى مۇسۇلباي، ئاتۇشتا زىياۋدۇن ئاخۇن
ئەھمەد ھاجىم، مەمتىلى ئەپەندىلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىلە
غۇلجىدا ھۈسەيىن مۇسابايوپلار قۇرغان مەكتەپلەر مەشھۇر. ئىك
ساقتا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ
خىراجىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى باۋۇدۇن مۇسابايوپ ئۆز ئۈس
تىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، ئو
قۇش ياردەم پۇلى، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، ھەر خىل سۆھبە
يىغىنلىرى، مۇكاپاتلاش قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى (چىقىم
نى) زاكاتتىن يىغىلغان پۇل بىلەن، جەمئىيەت دۇكىنىنىڭ



قىسمى پايدىسىنى ئىشلىتىپ ھەل قىلغان. بۇ پۇلنىڭ بىر
قىسمىنى بولسا تەئمىر ئىشلار، مەسىلەن: مەكتەپ سېلىش،
كۆۋرۈك ياساش، مەسچىت، مەدرىسە سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ
رېمونت ئىشلىرىنىڭ خىراجىتى قاتارلىقلارغا سەرپ قىلغان.

شۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان مەكتەپلەردە سەرپ قىلىنىدىغان
خىراجەت، خەلق تەممىناتى بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق ئىش
ھەققىغە ئومۇمى يۈزلۈك ئاشلىق بېرىلگەن. شۇ چاغدا 1 - دەرىجە-
لىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 400 چارەك، 2 - دەرىجە-
لىك ئوقۇتقۇچىنىڭ 300 چارەك، 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ 200
چارەك ئاشلىق بولغان. شۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۆز
قوينىدا كۆپلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، 20 -
ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەرگە كۆپلى-
گەن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بەردى. 1933 - يىلى قەشقەر كونا
شەھەر «نور بېشى» دا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ،
1934 - 1935 - يىللىرى قۇرۇلغان قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن،
قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوردا ئىشىگى باشلانغۇچ مەك-
تەپلىرىگە ئەنە شۇ ئىكساق مەكتىۋى 29 نەپەر ئوقۇتقۇچى
يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا قەشقەرگە كېلىپ شۇ مەكتەپ-
لەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلاردىن ئەنۋەر ئەپەندىم، پەخرىدىن
ئاخۇن خەلىپىتىم قاتارلىقلار ھازىرمۇ بار.

ئىكساق مەكتىۋىنىڭ تۈزۈملىرى مۇكەممەل، ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ئو-
قۇتقۇچىلار خاتىرجەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەن، ئو-
قۇغۇچىلارمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاش-
تۇرالىغان. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى كەمبەغەل-

لەرنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپتىن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يېزىدىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. جۇملىدىن ياش، ئوتتۇرا ياش لىقلار (ئەر - ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ساۋاتلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەر يىلى 3 سىنىپتىن كەچكۇرس ئېچىپ ساۋاتسىزلىق ئاساسي جەھەتتىن تۈگىتىلگەن. كەچكۇرستا ئوقۇ غانلار خەت ساۋادىنى چىقىرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى بەلگى لىك پەننى بىلىملەرنىمۇ ئۆگەنگەن. يەنە شۇ چاغدا كەچكۇرس- لاردا ھېساپ، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت دەرسلىرىدىن ساۋاق لار بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يېزىدىكى 60% دىن ئارتۇق ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ساۋاتلىق بولۇپ، بىر قىسمى يۇقۇرى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكەن.

1926 - يىلى ئېكىساقتىكى دارىلمۇئەللىمىندە بوغالتىر لىق سىنىپى ئېچىلغان، شۇندىن باشلاپ شىنجاڭدا ياۋروپاچە بوغالتىرلىق كەسپى رەسمى يولغا قويۇلغان.

شۇنداق قىلىپ ئېكىساق يېزىسى ئۆز قوينىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننى مەكتەپ ئارقىلىق خېلى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: 1930 - يىللارنىڭ بېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا شىنجاڭدىن چىقىرىل غان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىرلا ئېكىساق يېزىسىدىن چىقىرىلغان ئوقۇغۇچى 10 غا يېتىدۇ.

1925 - يىلى ئەھمەت ھاجىم تىجەندە بىر باشلانغۇچ مەكتە



ئېچىپ، بۇ مەكتەپكە قەشقەردىن مۇھەممەتخان ئەپەندى قاتار- لىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا سالغان. بۇ مەكتەپكە تىجەندىن باشقا خوشنا يېزىلاردىنمۇ بالىلار كېلىپ ئوقۇغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەران دائىرىلەر بىلەن يۇرتتىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرى- غان بولسىمۇ خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن داۋاملىشۇرگەن. جۇملە- دىن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ خەنزۇ تىلىنىمۇ كىرگۈزگەن.

1930 - يىللىرى تاتار سالاھىدىن داموللام قاتارلىقلار - مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندىم ئۈگىزىرىقتا دارىلمۇ- ئەللىمىن كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنى 3 ئاي تەربىيىلىگەن- دىن كېيىن كۇرسانتلار ئاستىن ئاتۇشنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قايتىپ، ئۇ جايلاردا پەننى مەكتەپلەرنى يولغا قويغان.

ئاستىن ئاتۇشتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، ھەر يېزىدا 3 كىشىلىك ھەيئەتى قۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر شۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇل- ان. مەكتەپ خىراجىتى تەرەققىپەرۋەر سودا تىجارەتچىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھەل قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆشرە - زاكات- ئومۇمغا تاپشۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى ئىگەللەش ئارقىلىق ھەل قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرى، ئوقۇت- قۇچىلارنىڭ مۇئاشى، كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم قاتارلىق جەھەتلەرگە سەرپ قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشى 3 دەرىجىگە ئايرىلىپ، مۇدىر، باش مۇئەللىم، يار- دەمچى مۇئەللىم دەپ ئاتىلىپ، باش مۇئەللىمگە ئايدا 300 جىڭ، ياردەمچى مۇئەللىمگە 240 جىڭ ئاشلىق بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن

باشقا ھەپتىسىگە بىر يېرىم جىڭ گۆش، كۈنىگە 2 دىن تۇخ
بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن.

بۇ مەكتەپلەردىمۇ ئېكىساق مەكتىۋىدىكىدەك ئوقـۇتـۇ
پروگىراممىسى، پىلان، ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇش پـۈتتـۈرۈ
رەسمىيەتلىرى ئىجرا قىلىنغان. ئاستىن ئاتۇشتىكى مەكتەپـلـ
ئىچىدە تېجەن، مەشھەت قاتارلىق يېزىلاردا قۇرۇلغان مـەكتە
لەر مەخسۇس قىز ـ چوكانلار سىنىپلىرىنىمۇ ئاچقان. شۇنـد
قىلىپ ئاستىن ئاتـۇشمۇ 20 ـ ئـەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىـدى
30 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا باشلانغۇچ مەكتەپ مائـا
پى يولغا قويۇلغان.

قـەشقەر كونا شەھەردە مەشھۇر ئالىم، تـەرەققـىپـەر
ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق كىشىلە
نىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشۋىق قىلىشى ئـارقىلىق مـەدرىسلـە
بىر قىسىم پەننى بىلىملەرنى ئوقۇتۇش بولغا قويۇلۇش بىلەن بىل
مەخسۇس باشلانغۇچ مەكتەپ، كېيىنرەك دارىلمۇئەللىمىن قۇر
لۇپ ئوقۇش باشلايدۇ، بۇ مەكتەپـلـەرنىڭ خىراجىتىمۇ شىھ
سەي دەۋرىگىچە ئاساسەن خەلـق بـاشقۇرۇشىدىـكـى ئېكىس
مەكتىۋىنىڭكىدەك ھەل قىلىنغان.

دىمەك، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا قۇرۇلغان پەنـ
مەكتەپلەرمۇ خەلق باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئوقۇتۇلىدىغان دەرسل
مۇ ئاساسەن ئېكىساق مەكتىۋى بىلەن ئوخشاش.

ئېكىساقتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىـدا ئۆز ئارا ئـۆگىنى
ئـۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش، يېتەكلەش ئـۇسۇل
يولغا قويۇلۇپ، سەۋىيە جەھەتتە تەكشى ئۆستۈرۈشنـى يـول
قويغان ئىدى. ئوقۇتۇش جەھەتتە ئالدىن دەرس تـەييـارلا



تەييارلانغان دەرسنى تەستىقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئوقۇتۇش
سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنغـان ئىدى. يىللىق، مـەۋسۇمـلـىك
ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەنـدە شاھا-
دەتنامە تارقىتاتتى. دىمەك مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تـۈزۈمـى بىر
قەدەر مۇكەممەل بولغانـلىقتىن شۆھرىتى بارغانسېـرى ئـاشتى،
شۇ سەۋەپتىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ مەكتەپكـە
ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار ھەر قايسى جايلارغـا بار-
غاندا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇش ياكـى يېڭىچە مـەكتەپلەرگـە
دەرس ئۆتۈش جەھەتلەردە مۇناسىپ رول ئـوينىغان. دىـمـەك
ئېكىساق مەكتىۋى شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىللارغىچە بولغان پەننى
مائارىپى ۋە مەرىپەت دەۋرىدە خېلى چوڭ رول ئوينىغان.

## تەنتەربىيە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

ئېكىساقتا قۇرۇلغان تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇغـۇ-
چىـلارنىڭ مەدىنى ھاياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تـەنتەربىيـە
دەرسىنى كىرگۈزدى.

تەنتەربىيە دەرسىنىڭ مەزمۇنى مول، تۈرلىرى كۆپ بولۇپ،
ئاساسەن تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان: پۇت تـوپ (پۇتبول)،
قالقان، تامپاس (ۋالىبول)، بىلـو، يېنىك ئاتلىتكـا، كـالتـەك،
تاش كەتتى ـ تاش كەلدى، ئـەسىر ئېلىش، يـاغـلىق تـاشلاش،
سىلانگۇچ، چىغرىق، تاقىقا چىقىش، نەيزە، چۆيۈن تەخسە ئېتىش،
ئارىغا ئېلىش، دالا يۈگرەش قاتارلىقلار.

مەكتەپ ھاياتىـدا تـەنتەربىيە پائالىيەتـلىرى يـولـغـا

قويۇلۇش بىلەن قانداقتۇر جانلىنىش پەيدا بولۇپ ئوقۇغۇچ
لارنىڭ غەيرىتىنى، زوقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. تەنتەربى
پائالىيەتلىرى مەكتەپ ئىچىدىلا بولۇپ قالماستىن جەمئيەتك
قەدەر كېڭىيىشكە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ھە
ھەپتىنىڭ 3 ـ ۋە 5 ـ كۈنلىرى يۇرت ئارا ۋە يۇرت ئاتلا
تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ ساھەدە بىرمۇن
تەنتەربىيە ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان.

ئېكىساقتا يولغا قويۇلغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى پۈ
كۈل جەمئيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، شۇ زاما
لاردا قەشقەردە تۇرۇشلۇق چەتئەل كونسۇلخانا، دوختۇرخا
ۋە سودا فىرمىلاردا ئىشلەيدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ دىققىتىنى
قوزغىغان.

1927 ـ يىلى ئېكىساق پۇتبول كوماندىسى قەشقەر
كېلىپ قەشقەردىكى ئەنگلىز، شۋېت، فرانسۇزلار
مۇسابىقە ئېلان قىلىدۇ. چەتئەللىكلەر مەنسىتمىگەن ھالغا
مۇسابىقىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە
1927 ـ يىلى كۈز پەسلىدە بولغان ئىدى. ئورنى سەمەندە
دىخاننىڭ ھازىرقى ئاپتوۋۇز شىركىتىگە توغرا كېلىدىغان ب
دىلىك يېرى ئىدى. مۇسابىقە خەۋىرى پۈتكۈل قەشقەرگە تا
قالغان بولغاچقا مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ مەيدان
سانجاق ـ سانجاق ئادەم توپلۇنۇپ كېتىدۇ. مۇسابىقە باشلىن
تىن سەل ئىلگىرى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىر
يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئېنگلىز كونسۇلى مۇسابىقە ئېلان
لىپ: «ئەگەر سىلەر ئۇتتۇۋالساڭلار كۆمۈش ئىگەر توقۇملۇق
تىن بىرنى بېرىمىز. بىز ئۇتتۇۋالساق سىلەر نىمە بېرىسىلە



دىگەن. بۇ چاغدا ئېكىساق پۇتبول كوماندىسىنى مۇسابىقىغا
ئويۇشتۇرغۇچى تۇرسۇن ئەپەندى ئىككىلەنمەستىن: «ئەگەر سى
لەر ئۇتتۇۋالساڭلار بىرگە ئىككىنى بېرىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

مۇسابىقە رەسمى باشلىنىدۇ. تاماشا كۆرۈۋاتقان خەلق
ئېكىساق پۇتبولچىلىرىغا بارىكاللا توۋلاپ ئىلھام بېرىدۇ ۋە
غەلىبە تىلەيدۇ. نەتىجىدە ئېنگلىزلار كوماندىسىنى بىرگە قارشى
ئىككى نەتىجە بىلەن؛ شۋېت كوماندىسىنى نولگە قارشى 7 نەتىجە
بىلەن يېڭىپ پۈتۈن مەيدانىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. مۇسابىقە نەتىجىسى
تېخى ئېلان قىلىنماي تۇرۇپ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇش
لۇق ئايال كونسۇلى پوچتىغا چۈشۈپ تىكىۋېتىدۇ.

ئېكىساق پۇتبولچىلىرى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە خەۋىرى
قەشقەر شەھىرىگە تارقىلىش بىلەن پۈتۈن شەھەرنى خوشاللىق
تەنتەنىسى قاپلايدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سوۋېت ئىتتىپا
قىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئېكىساق پۇتبولچىلىرى
ھىسداشلىق قىلىپ غالىپ كوماندىنى بىر دانە توپ بىلەن
مۇكاپاتلىغان. بۇ نەرسە گەرچە كىچىك بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى
غەلىبىنى خاتىرىلەشتە ئىسپاتلىق رولى ناھايىتى چوڭ.

دىمەك، ئېكىساقتا پۇتبول 1870 ـ يىللاردا باشلىنىپ 90 ـ
يىللارغا كەلگەندە ئومۇملىشىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان.
ئۇلار دەسلەپتە پۇتبولنى 4 كىشىدىن، كېيىنچە 5 كىشىدىن
بولۇپ ئوينىغان بولسا، 1922 ـ يىلغا كەلگەندە ھازىرقىدەك
11 كىشىدىن بولۇپ ئويناشقا تەرەققى قىلغان.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئېكىساق پۇتبول كوماندىسى مەملى
كەت بويىچە 1 ـ دىخانلار كوماندىسى بولۇپ ئويۇشۇپ ئۈرۈمچى،
قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە مۇسابىقىگە قاتناشتى.

ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ماھارەت كۆرسەتتى.

(ئەسكەرتىش: ئېكىساق مائارىپى ۋە تەنتەربىيە پـائالى
يەتلىرى تارىخىنى رەتلەپ چىقىشتا پىشقەدەم مائارىپچىلاردىن ئەنۋە
ئەپەندى، پەخرىدىن ئاخۇن، ناسىر، مىرخېلىل، ئـابلىز تىلىۋال
دى، يۇنۇس ئاخۇن خەلپىتىملەر ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن)



# قەشقەردە پەننى مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا

شاۋكەت ئابدىرېھىم

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىدا تارىخ سەھىپىسىدىن «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ نام ئالغان قەشقەر شەھىرى ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيىتىنى ئەڭ بالدۇر قوبۇل قىلغان، مەرىپەت ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەن، شۇنداقلا مەدەنى ئاقارتىش ئىشلىرى بويىچە قېرىنداش ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن جاي.

مەن بۇ ماقالەمدە قەشقەر شەھىرىدە بىر قەدەر بالدۇرراق قۇرۇلغان پەننى مەكتەپلەرنىڭ نامى، قۇرۇلغان ۋاقتى، ئۇلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى، خىراجەت مەنبەئى، مەكتەپ مەسئۇللىرى، ئۆتۈلگەن دەرسلەر، مەكتەپ ئورنى توغرىسىدا توپلىغان ماتېرىيالىمغا ئاساسەن قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن ھەمدە قەشقەرنىڭ مەدەنى ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئايرىم تارىخى شەخسلەرنىڭ ئوينىغان رولىغا ئائىت بىر قىسىم پاكىتلارنى ئەينەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

# قەشقەردە ئېچىلغان تۇنجى پەننى مەكتەپ

قەشقەر شەھىرى ئۆز تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، ئابدىرېھىم نىزارى، غېرىبى، فىرقىتى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلەرنى يېتىشتۈرگەن قەدىمى مەرىپەت ئوچىقى بولسىمۇ، ھەر خىل تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قۇچىقىدا بىرەرمۇ پەننى مەكتەپ بولمىغان ئىدى. 1913 ـ يىلى تۈركىيىدىن ئەھمەت كامال، ئېمرۇللا بەگ، سامى بەگ، نەسرۇللا بەگ، ×× قاتارلىق 5 كىشى قەشقەرگە كېلىپ شۇ يىلى جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا 26 نەپەر ئوقۇش يېشىدىكى باي باللىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر سىنىپلىق پەننى باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇشنى يېرىم يىل داۋاملاشتۇردى. بۇ ۋاقىتتا مەكتەپ خىراجىتى باللاردىن يىغىپ ئېلىنىدۇ. بۇ بەش نەپەر ئەپەندى جانان كوچىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى كېيىن ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكىساق يېزىسىدا ئىككى سىنىپلىق، تاشمىلىقنىڭ بازىرىدا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، نۆۋەت بىلەن مەكتەپلەر ئارا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ياشلارنى تەربىيىلەيدۇ. بۇلار بۇ مەكتەپلەردە پەننى دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئىزچى (ھازىرقى پىئونېر) ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئالا كالتەك تۇتقۇزۇپ قۇراللاندۇرۇپ، مەشىق قىلدۇراتتى. بىر كۈنى قەشقەردىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يارۋاغ دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ تومەن بويىدا مەشىق قىلدۇرىۋاتقاندا



قورغان تەرەپتىن مەپە بىلەن كېلىۋاتقان قەشقەر ۋالىيسى ياڭ داۋتەي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالا كالتەك تۇتۇپ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلىنىپ گۇمانلىنىدۇ. ئاندىن يېنىدىكى تىلماچتىن «بۇ نىمە گەپ؟» دەپ سورايدۇ. تىلماچىنىڭ جانان كوچىسىدىكى مەكتەپنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىدۇ. ياڭ داۋتەي ئەتىسى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى چاقىرتىپ كېلىپ، سىلەرنىڭ نىمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ ئوقۇغۇچىلارغا كالتەك تۇتقۇزۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەت قىلماقچىمۇ؟ دەپ تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، مەكتەپنى تاقاپ ئوقۇش توختىتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. جۈملىدىن ئەھمەت كامالنى داۋتەي يامۇلىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر قۇر سوراق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇپ، ياڭ زېڭشىنغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. ئۇ چاغدا پوچتا ئىشلىرى راۋان بولمىغاچقا، ياڭ زېڭشىندىن جاۋاپ كەلگىچە خېلى بىر مەزگىل ئۆتىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سامى بەگ باشلىق قالغان 4 كىشى تۈركىيىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى تاشمىلىق سالىدىن قارى ھاجى، شېرىپ ئاخۇن دىگەن كىشىلەر مىرغاپقىچە ئاپىرىپ قويىدۇ. ياڭ زېڭشىندىن جاۋاپ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ داۋتەي ئەھمەت كامالنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئەھمەت كامالنى قايتا ـ قايتا سوراق قىلىپ، مەكتەپ ئاچقاندىن باشقا مەسىلە يوقلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنى ئىچكىرى ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىشنى بۇيرۇيدۇ، ئەھمەت كامال قەشقەر ياكى غۇلجا ئارقىلىق كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىمىغانلىقتىن، ئەھمەت

کامال ئاخىرى ئىچكىرى ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىدۇ. ئۈستۈن
ئاتۇشنىڭ چەت يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە شۇ چاغدا
ئۆگىتىلگەن مەشكە دەسسىتىش، مۇزىكا ئاھاڭلىرى ھازىرغىچە
خەلقلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1917 ـ يىلى يۈسۈپ زىيا، توقام مەدرىسە كوچىسىدىكى
ئۆز ئۆيىدە بىر سىنىپلىق كەسپىي بوغالتىرلىق سىنىپ ئېچىپ
بىر قىسىم باللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىدى.

1921 ـ يىلى قەشقەرنىڭ داڭلىق بايلىرىدىن كېرىم باي
ھاجىم ئوغلى ئابدۇرېھىم بايۋەچچى ھازىرقى ۋىلايەتلىك نېفىت
شىركىتىنىڭ ئورنىغا 6 سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرۇپ، بۇ
مەكتەپتە تەخمىنەن 250 ئەتراپىدا بالا ئوقۇتقان. مەكتەپنىڭ
پۈتۈن خىراجىتىنى ئابدۇرېھىم بايۋەچچى ئۆز يېنىدىن بەرگەن
شۇڭا بۇ مەكتەپ ئابدۇرېھىم بايۋەچچى مەكتىۋى دەپ ئاتالغان
ئىدى. بۇ مەكتەپتە بىر كەسپىي بوغالتىرلىق سىنىپ بولغان
دىن تاشقىرى تىل ـ ئەدەبىيات، ھىساپ (4 ئەمەل)، جۇغراپىيە
قاتارلىق دەرسلىكلەر ئوقۇلىدىغان باشقا سىنىپلارمۇ بار ئىدى
بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇقادىر سەئىدى
كەنجى ئاخۇن خەلپىتىم،ۋەلى ئىدرىس ئاپانايوپ قاتارلىقلار ئىدى

1930 ـ يىللىرى ئابلىراخۇن بايۋەچچى تۈركىيىگە قىلغان
سودىگەرچىلىك سەپىرىدىن قايتقاندا ئەھمەت پەرىد ئابباس
(تاتار) دىگەن كىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، ھازىر
قى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدىكى قەۋرىستان
لىقنى بۇزۇپ ئەھمەت پەرىد ئابباس ئوقۇتقۇچىلىقىدا، ئۇ
خىراجىتى بىلەن بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان ئىدى. بۇ
مەكتەپتە دىن، ھىساپ (4 ئەمەل)، ئاددى كەسىر، ئونلۇق



كەسىر، جۇغراپىيە، ئىنشا، ئىملا قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇلغان،
جۈملىدىن ئەھمەت پەرىد ئابباس نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشى
بولغىنى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مەدىنىيەت
جەھەتلەردىمۇ خېلى چوڭقۇر تەربىيە سىڭدۈرگەن.

شۇ يىللاردا يارۋاغدا مەھەممەتخان خەلپىتىم ئوقۇتقۇچى
لىقىدا بىر سىنىپلىق پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلغان.
(بۇ مەكتەپ كىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە خىراجىتى بىلەن قۇرۇل
غانلىقى نامەلۇم)، مەھەممەتخان خەلپىتىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ
ياخشى شاگىرتى بولغاچقا، بۇ مەكتەپتە ئاساسەن دىن، ھىساپ
دەرسلىرى ئوقۇتۇلۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى خېلى ياخشى بولغان.
بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شەھەر بايلىرىدىن مۆيدىن ھاجىم
ئۆز خىراجىتى بىلەن ياغ بازىرىنىڭ زەيكەشكە پارتا، ئورۇن
دۇق بارلىق ئۈسكۈنىلىرى بولغان بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ،
مەھەممەتخان خەلپىتىم ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەشۇ مەك
تەپكە كۆچۈرۈپ كەلگەن. مەھەممەتخان خەلپىتىمنىڭ بەلگىلىك
مۇئاشى بولمىغاچقا ئوقۇغۇچىلاردىن «پەيشەنبىلىك» ئېلىپ تە
مىنلەنگەن ئىدى.

# مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى
# توغرىسىدا ئەسلىمە

ئىبراھىم مۇھىتى

مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى 1885 ـ يىلى تۇر
پان ئاستانىدا بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ياش
چاغلىرىدا شۇ جايدىكى دىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇغان
كېيىنكى ۋاقىتلاردا سودىگەرچىلىك بىلەن ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋ
رۇسىيىدە شەمەي، قازان، موسكۋالارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك
قىلىش جەريانىدا بەزى ئالىملار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك
زىيالىلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئىلمى سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان
بۇ ساياھەت ـ سوھبەتلەر مەخسۇت مۇھىتىغا ناھايىتى چو
تەسىر قىلغان. شۇ سەۋەپتىن شىنجاڭدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش
خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى مەدىنىيەتكە، مەرىپەتكە باشلاش
قارارىغا كېلىپ، ئۆز ئۆمرىدە شىنجاڭ مىللى مائارىپىنى بەر
قىلىش يولىدا ئالاھىدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئۇزۇندىن بۇيان مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ
مىللى مائارىپىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى ئويلا
كەلگەن ئىدىم، ئەھۋال بىلىدىغان يولداشلارنىڭ رىغبەتلەندۇرۇش
ۋە ياردىمى بىلەن بۇ قىسقا ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.





**1 ـ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا**
**قوشقان تۆھپىلىرى**

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا چەتئەل ئەكسىيەت
چىلىرى ۋە ئىچكى جەھەتتە فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە
خەلقىمىزنىڭ مىللى مەدىنىيىتى ۋە مىللى مائارىپى تەرەققى

قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەسلىدىكىسىمۇ يوقىلىپ كېتىش
گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شىنخەي ئىنقىلا-
ۋىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن باشقۇرۇلغان بىرمۇ
يېڭىچە مىللى مەكتەپ يوق ئىدى. ئۈرۈمچى قاتارلىق بىرقانچە
چوڭ شەھەرلەردە بىر نەچچىلىگەن خەنزۇ مەكتەپلىرى (شۆ-
تاڭ) بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەردە يۇقۇرى تەبىقىدىكى مۇس-
تەبىت ئەمەلدارلارنىڭلا بالىلىرى ئوقۇيالايتتى، ئەمگەكچى
خەلقنىڭ بالىلىرى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايتتى.
ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئېچىلغان دىنى مەكتەپلەر-
نىڭ دىنى خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىشتىن باشقا رولى
يوق ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللىرى بىرىنچى قېتىم سود-
گەرچىلىك بىلەن رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىگ-
بارغان. بۇ جەرياندا قازان تاتارلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەدە-
نىيىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ناھايىتى چو-
پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىر مۇنچە تاتار زى-
يالىلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ خەلقىمىزنىڭ نادانلىق، نامراتلىق-
لىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا خەلقىمىزنى
مىللىتىمىزنى مەدەنىيەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققى-
پىكىر ئالغان. تاتار زىيالىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىردىن ـ بى-
تەكلىۋى: ئالدى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىش
كېرەك، دىگەندىن ئىبارەت بولغان. مەخسۇت مۇھىتى شىنجاڭ-
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار كىشىل-
بىلەن بۇ توغرىدا كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇرغان. بۇ ۋاقى-
دەل مەملىكىتىمىزدە سۇنجۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىغىدىكى جۇڭ-



گو تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتى ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلاۋىنى قوزغاپ،
1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان
ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلھامى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى
باشلىق بىر قانچە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ تا-
ھىربەك ① باشچىلىغىدىكى بىر نەچچە ئادەمنى شىنجاڭ ۋەكىلى
قىلىپ نەنجىڭگە ئەۋەتىدۇ. بۇلارنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ ھۆكۈ-
مەتكە قويغان بىرىنچى تەلىۋى، شىنجاڭدا مىللى مائارىپنى
بەرپا قىلىپ، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى ئوقۇتۇش، نادانلىق-
نامراتلىققا خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت بولغان. سۇنجۇڭشەن
ئەپەندى باشچىلىغىدىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپلەرنى
تېزلىك بىلەن ھەل قىلىپ بېرىش ھەققىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى
بەرگەندىن كېيىن، تاھىربەك باشچىلىغىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللى-
رى شىنجاڭغا خوشال قايتىپ كەلگەن، لېكىن ئۇزۇنغا بارمايلا

---

① تاھىربەك ـــ پىچان لۈكچۈنلۈك بولۇپ، ياش ۋاقتىدا خەن-
زۇچە (شۆتاڭ) ئوقۇغان. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا شىنجاڭ ۋە-
كىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭگە بېرىپ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا
قاتناشقان. 1929 ـ يىلى سودىگەرچىلىك بىلەن موسكۋاغا بار-
غان. ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭ مىللى ئىشلار
ھەيئىتىگە باشلىق بولغان. 1938 ـ يىلى زالىم شېڭشىسەي تەرىپى-
دىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ۋاپات بولغان. (مەن 1950 ـ
يىللىرى بېيجىڭدە جۇڭگو خەلق داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلى-
رىمدا، مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «سۇنجۇڭشەن
ئەپەندىنىڭ خاتىرە رەسىملىرى توپلىمى» دىن ئەينى ۋاقىتتىكى
شىنجاڭ ۋەكىلى تاھىر بەكنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن ئىدىم).

جاھانگىرلارنىڭ ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا — سۇنجۇڭشەن بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. پومىششىك دەللاللار سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولـغان يۈەنشىكەي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. گەر-چە شىنخەي ئىنقىلاۋى چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىككى مىڭ يىللىق فېئودال مۇستەبىت پادىشالىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، جۇڭگو ئاۋالقىدەكلا جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمىنىڭ زۇلمى ئاستىدا قېلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمـكىگە بەرگەن ۋەدىلىرى ئاخىرقى ھېساپتا ئەمەلگە ئاشمىدى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىتلەر يوققا چىققاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋەتەن، مىللەتنى قىزغىن سۆيىدىغان تەرەققىپەرۋەر زاتلار خۇراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر زىيالىلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ ئېچىپ يېڭىلىق ۋە ئىلىم ئىرپانغا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىرە مەكتەپ ئېچىشقىمۇ بولاتتى، لېكىن شۇ ئېچىلىدىغان باشلانغۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغىدەك بىرەر ئادەم يوق ئىدى. شۇ چەتئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مە مۇنداق يازسام ھازىرقى بەزەن ياشلىرىمىز بۇنى مۇبالىغە كىن، بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغىدە بىرەر ئادەم تېپىلماسمۇ دەپ گۇمانلىنىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللى مائارىپىمىز شۇ يىللاردا ئەنە شۇنداق ۋەيران بولغان ئىدى.

1913 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى رۇسىيىگە بېرىپ ئىلغا



تاتار زىيالىلىرىدىن مەرھۇم ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى ① شىنـجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، تۇرپان ئاستانىدا ئۆز قوراسىنىڭ ئۇدۇلىـدىكى بوشلۇققا بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، يىگىرمىدەك ئۆسمۈرنى ئوقۇتىدۇ. بۇ مەكتەپ سېلىنىش جەھەتتىن ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، كۆنگەي تەرەپكە 4 دەرىزە قويۇلغان ئىككى قەۋەت-لىك بىنا بولۇپ، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ۋە باشقا ئوقۇ-تۇش قوراللىرى بىلەن جاھازلانغان. مەكتەپ قوراسىدا كۆل بولۇپ ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆتۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردىن روشەن ھالدا پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قار-شىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ مەكتەپنى «جەدىتلەر مەكتىۋى» دەپ ئاتاپ ئۆز بالىلىرىنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويـمايدۇ. پەقەت تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭلاردىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ بالىلىرىلا بۇ يەرگە (ئاستانىگە) كېلىپ ئوقۇغان.

خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھەدىگەندىلا ئانداق ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمىگەن. ئۇ قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بىر تەرەپـتىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ توسالغۇسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمىيەتتىكى جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچـلۈك قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى.

بۇ مەكتەپلەردە ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئانا تىلى،

---

① ھەيدەر ئەپەندى سايرانى — تاتار، رۇسىيە قازانلىق. 1913 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 1938 - يىلى شېڭشىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ ۋاپات بولغان.

ھېساپ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئەسىر سائادەت، دىن دەرس ۋە باشقىلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا شېئىر ئۆگىتىلەتتى. بۇ شېئىرلار تاتارچە بولۇپ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى تېكىست قىلىناتتى. مەسىلەن:

ئەي تۇغان تىل ئەي ماتۇر تىل،
ئەتكەم ـ ئەنكەمنىڭ تىلى.
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم،
سەن تۇغان تىل ئارقالى.

ئۇندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك شېئىرلارمۇ ئوقۇلاتتى:

سۇسىز چۆللەردە،
تاشلىق قۇملۇقتا،
سۇ تاپالماستىن
يۈرۈپتىمىز بىز.

قاراڭغۇ تۈندە،
چىققان بوراندا،
كۆز ئاچالماستىن
يۈرۈپتىمىز بىز.

(ئابدۇروسۇل ئابدۇلقەييۇمى سۆزى)

كېيىنچە بۇ مەكتەپكە «مەكتەبى مەقسۇدىيە» دەپ نام بېرىلدى. بارا ـ بارا بۇ مەكتەپ تەلەپنى قاندۇرالمىدى.

1917 ـ يىلى رۇسىيىدە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى بولۇپ



سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندا مەخسۇت مۇھىتى تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يەنە موسكۋاغا سەپەر قىلىدۇ. مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئاۋىستەي، ئەلى ئىبراھىم، ھىسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەينى تۇرپان ئاستانىغا، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، ھىسامىدىن ئەپەندىنى گۇچۇڭغا، قالغان ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرسىنى ئۈرۈمچىگە، بىرسىنى چۆچەككە ئەۋەتكەن. ئۇلار بارغان ئورۇنلىرىدا مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان. يۇقۇرىدىكى 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ شىنجاڭغا كېلىش راسخودى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى مەخسۇت مۇھىتى ئۆزى تولۇق بەرگەندىن تاشقىرى شىنجاڭغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ مۇقىم مۇئاش بەلگىلەپ ئايمۇ ـ ئاي تولۇق تەمىنلەپ تۇرغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەي تۇرپان ئاستانىغا بارغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ئۆز قوراسىدىن ئۆي بېرىپ ئۇلارنىڭ نىكا تويىنى قىلغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بۇرۇنقى ھەيدەر ئەپەندى سايرانى ئوقۇتقان مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. گۈلەندەم ئاۋىستەي ئايرىم بىر ئېغىزلىق ئۆي تەييارلاپ قىزلارنى ئوقۇتقان. ئوقۇتۇش سۈپىتى بىر قەدەر يۇقۇرى بولغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا جايلارغا بېرىپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولغان. تاتارلار ئۆتمۈشتە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «ئاۋىستەي» دەپ ئاتايدۇ. ئايال ئوقۇتقۇچى گۈلەندەممۇ شۇ ئاساستا «ئاۋىستەي» نامىنى ئالغان. ئۇنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كېيىن ئوقۇتقۇ-

چى بولغاندا «ئاۋستەي» دەپ ئاتالدى، مەسىلەن: ئايشەم ئاۋستەي، پاتىمە ئاۋستەي ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۇرپان ناھىيىسىدە تاكى ھازىرغىچە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «ئاۋستەي» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. مۇھەببۇللا ئەپەندى 1921 - يىلى كېسەل بولۇپ تۇرپان ئاستانىدا ۋاپات بولدى. ئىككى ياشلىق ئوغلى ۋە قىزى بىلەن گۈلەندەم ئاۋستەي تۇل قالدى.

ھەيدەر ئەپەندى سايرانى ۋە مۇھەببۇللا ئەپەندىلەر ئوقۇتقان ئابدۇروسۇل ئابدۇلقەييۇمى، ئابباس ئەپەندى نەجمى، مۆمىن ئەپەندى، داۋامەت ئەپەندى، ئابدۇللا پەرسايوف، قۇربان سەئىدى قاتارلىق ئون نەچچە كىشى 7 يىل ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇ مەكتەپ داۋاملىق ئېچىلىپ ئوغۇللارنى ئابدۇروسۇل ئابدۇلقەييۇمى، قىزلارنى ئايشەم ئاۋستەي ئوقۇتىدۇ. قالغانلار باشقا جايلارغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. گۈلەندەم ئاۋستەي 1925 - يىلى چۆچەككە قايتىپ كېتىپ مەكتەپ ئېچىپ قىزلارنى ئوقۇتقان تاكى 1955 - يىللىرىغىچە چۆچەكتە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھىسامىددىن ئەپەندى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن چۆچەككە بېرىپ، شۇ جايدىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ، 1955 - يىلى سوۋېتكە قايتىپ كەتتى. ئەلى ئىبراھىم تاكى 1975 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن 50 نەچچە يىل شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

تۇرپان ئاستانىدىكى «مەقسۇدىيە مەكتىۋى» جەمئىيەتكە كۆپلەپ مۇنەۋۋەر زىيالىلارنى تەربىيىلەپ بەردى. كېيىنچە بۇ مەكتەپ-



نى كېڭەيتىپ كارىزغىمۇ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ دىخانلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان. 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا بۇ مەكتەپلەر «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

بۇ مەكتەپ يەنە جەمئىيەتكە كۆپلىگەن تايانچ كادىرلارنى تەربىيىلەپ بەردى. تۇرپان ئاستانە ئەسلىدە بىر يېزا، ھازىرمۇ بىر خەلق گۇڭشېسى. لېكىن بۇ يەردىن چىققان زىيالىلار مەيلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئازاتلىقتىن كېيىن بولسۇن ئۈرۈمچى، تۇرپان، ھەتتا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تاشكەنتتىكى مەلۇم ھەربىي شۆبىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار 18 دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەقسۇدىيە مەكتىۋى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تۇرپان ئاستانىدىن ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر بىر مائارىپچى ئىدى.

## 2 - قۇمۇل، تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەچچە قېتىم بارغان، ئاخىرىدا 1929 - يىلى موسكۋاغا بېرىپ، 1931 - يىلى فېۋرالغىچە تۇرغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن زىيالىلار بىلەن،

ھەتتا ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنت، قازاقىستاننىڭ مەركىزى ئالما ـ ئاتىلاردا نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە مەشھۇر ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقان ھەم سۆھبەتلەشكەن. بۇ سۆھبەت ۋە ساياھەتلەر جەريانىدا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئىدىيىسىدە تەدرىجى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئەكسىيەتچى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ئىنقىلاپ قىلىپ، ئىلىم ـ ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن بىر يول قولغا قورال ئېلىپ مۇستەبىت، خۇراپات ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

1931 ـ يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى دىخانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. مەخسۇت مۇھىتى قوراللىق قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى فېۋرالدا موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى سايرانى، بۇرھان شەھىدى، تاھىربەك، يۇنۇسبەك① قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىلەشكەندىن

① يۇنۇسبەك ــ تۇرپانلىق. ياشلىق دەۋرىدە سىياسى قانۇن مەكتىۋىنىڭ 1 ـ قارارىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1933 ـ يىلى قەشقەرگە ۋالى بولغان. 1934 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ دىخانچىلىق ـ كانچىلىق نازارىتىگە نازىر بولغان. 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، تۈرمىدە ۋاپات بولغان.



كېيىن، قۇمۇلغا بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى بىلىش بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپانغا بېرىپ تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يۈسۈپ موڭغۇل، رەجەپ دەخەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى باشلىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن تاغدا ئۇچرىشىدۇ. بىر قانچە كۈنلۈك تولۇق كېڭەشىشتىن كېيىن قۇمۇلدا دىخانلار قوزغىلىڭىنى تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى تەشكىلى رەھبەرلىكى تىكلىنىپ، خوجىنىياز ھاجى باش قوماندان، مەخسۇت مۇھىتى سىياسى ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى قۇمۇلدىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈسۈپ موڭغۇل قاتارلىق بىر قانچە ئادەم داۋاملىق تۇرپان، قۇمۇل ئارىلىقىدا مەخپى قاتناپ ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.

1932 ـ ماشىمىڭنىڭ پىچانغا كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر (بۇ ئادەملەر ئىچىدە بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى) شۇ يەردە ئۇزۇندىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىرنەچچە ئۆيلۈك خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ، بىر نەچچىسىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يۈك شىن سىڭ (شىركەتنىڭ نامى) نىڭ قوراسىغا بارىدۇ ۋە خەلقلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. نەق مەيداندا بولغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەخسۇت مۇھىتى ئىگىز سۆپە ـ

غا چىقىۋېلىپ: ئەگەر سىلەر قوزغىلاڭ قىلساڭلار بىزگە زۇلۇم سېلىۋاتقان ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغۇلۇڭلار، قولىدا قورالى بولمىغان پۇخرالارغا تەگمەڭلار!، دەپ نەسىھەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تاياق يېگەن 4 نەپەر خەنزۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم قۇتقۇزۇپ قالغان 4 نەپەر خەنزۇنى ئوبدان داۋالاپ، جاراھەتلىرى بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن ھارۋىغا سېلىپ ئاستانىدىن تۇرپان شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ شەھەردىكى تۇققانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇڭ چىسەن ئىسىملىك خەنزۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ھېيت - ئايەملەردە تۇرپان شەھرىدىن ئاستانىغا كېلىپ بىزدىن ھال سوراپ تۇردى. 1938 - يىلى چوڭ ئاكىلىرىم ئەنۋەر، ئابدۇرىشىتلار باشلىق مۇھىتىلار ئائىلىسىدىن 7 كىشىنى شېڭ شىسەي تۈرمىگە قاماپ قويدى. بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلگەن بولساقمۇ گوندىپايلار بۇ نەرسىلەرنى ئالمىدى. كېيىن بۇ ئىشنى سۇڭ چىسەن ئاڭلاپ يۇقۇرىدىكى نەرسىلەرنى تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە ئۆزى ئېلىپ چىقىپ، تونۇشلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، تۈرمىدا ياتقان ئاكاملارغا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئاكاملاردىن «نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق» دېگەن خەت ئېلىپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بىز ئۇنىڭغا كۆپلەپ رەخمەتلەر ئېيتقىنىمىزدا، ئۇ: «ئەمدى مېنىڭ سىلەرگە خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىم كەپتۇ» دېگەن ئىدى.

قۇمۇل، تۇرپان دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوچۇق بىر سىياسى پىروگىراممىسى بولسا كېرەك، ئەمما بىز بۇ پىرو-



گىراممىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدۇق. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان ئادەملەر ئىلگىرى - كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شۇ قېتىم قىلغان خىتاۋى، بۇ ئىنقىلاپنىڭ يونىلىشىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يەنى «ئىسلام ئېچىش ئەمەس، بەلكى ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن ئىنقىلاپ قىلىش» تىن ئىبارەت ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تۇرپانلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھىسامىدىن زۇپەر ۋە گۈچۈڭلۈك مۆمىنجان① قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قويۇق ئىنقىلاۋىي دوستلىقى بار ئىدى. بۇ ئادەملەر مەخسۇت مۇھىتىدىن ياش جەھەتتە بىر قانچە ياش، ھەتتا ئون نەچچە ياش كىچىك بولسىمۇ، بۇلارنى ئىنقىلاۋىي دوستلۇق مەھكەم باغلىغان ئىدى. بۇ ئادەملەر 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇربان بولدى، ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى تولاراق مۇشۇ ئادەملەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور. ئۇنى ھەتتا روسىيىگىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىنقىلاپ تۇرپاندا قوزغالغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ئۆز ئاكىسى مۇسۇل ھاجى مۇھىتىنى دۆڭخۇاڭ ئارقىلىق نەنجىڭگە ياردەم سوراپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئادەم لەنجۇغا يېتىپ بارغاندا ماجۇڭيىڭغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ نەنجىڭگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. ماجۇڭيىڭ:

① مۆمىنجان ئاكا — ئۆزبەك. 1933 - يىلى گۈچۈڭدا بولغان بىر قېتىملىق سوقۇشتا قۇربان بولغان 33 ياشتا ئىدى.

«مېنىڭ دىۋىزىيەم 36 ـ دىۋىزىيە، مەن ئەسكەرلىرىمنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىپ سىلەرگە ياردەم بېرىمەن»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇل ھاجى نەنجىڭگە بارماي يولنى قىسقارتىپ، ماجۇڭيىڭنى باشلاپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ئاكىسى مۇسۇل ھاجى مۇھىتى نەنجىڭگە ماڭغاندا ئۆزى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ئۇلارنى باشلاپ پىچانغا كېلىدۇ. بۇ يەردە شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ئاخىرى قوزغىلاڭچىلار ھەر جەھەتتىن ئاجىزلىق قىلىپ لۈكچۈنگە چېكىنىدۇ. ئاق ئورۇسلار لۈكچۈنگە قوغلاپ كېلىپ ئۇلارنى لۈكچۈن شەھەر ئىچىگە قامىۋالىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوق ـ دورىلىرى ئاز قالىدۇ. روس ئەسكەرلىرى شەھەر سىرتىدىن قاپساپ كېلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى شەھەرنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى شەھەردىن چىقىپ 10 مېتىردەك يەرگە بارغاندا ئوق تېگىپ شۇ يەردە قۇربان بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ جەسىدىنى لۈكچۈن شەھرىنىڭ سىرتىدىن، بېشىنى تۇرپان شەھرىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېپىپ كېلىپ ئاستانىدا دەپنە قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى قۇربان بولغاندا 47 ياش ئىدى. شۇندىن كېيىن دېخانلار قوزغىلىڭغا ئىنىسى مەخمۇت مۇھىتى رەھبەرلىك قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى، دائىم يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا، كەمبەغەل غېرىپ ـ غۇرۋالارغا غەمخورلۇق قىلاتتى. قايسى بىرسىنىڭ ئائىلىسىدە ئاشلىق يېتىشمىسە ئاشلىق بېرەتتى. خەلقنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە ھەمدەم بولاتتى. مەخسۇت مۇھىتى بىر نۆۋەت



چەتئەلدىن قايتىشىدا مەخسۇس باش تەمرەتكىسىنى داۋالايدىغان دورا ئالغاچ كېلىپ، مەھەللىدىكى 10 نەچچە بالىنىڭ باشلىرىنى كارىز سۈيىدە پاكىزە سوپۇنداپ يۇيۇپ، دورا سۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن داۋالاپ سەللىمازا ساقايتقان. بۇ گەرچە ئاددى بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقىمىزنىڭ نامراتلىقى، نادانلىقىنى ئويلىغاندا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامرات دېخانلارنى ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇنى ھازىرمۇ تۇرپاندىكى بەزى چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئوبدان بىلىدۇ.

# 1920 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

مەجىت ئەبۇزەر

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر تارىختا جاھالەت ــ قاراڭغۇ دەۋر ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتىۋى يوق قاپقاراڭغۇ جاھان ئىدى.

1911 ـ يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردە يېڭىچە ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ھەركەتلىرى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ خىلدىكى خەلق ئاقارتىش ئىشلىرى شىنجاڭدا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتەلمىگەن ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت خەلقنى جاھالەتتە ـ نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. گەرچە شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇيدىغان بىر قانچە يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى مۇتەئەسسىپ مول-



لىلاردىن، بايلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قۇترۇتۇش ئارقىلىق يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە دىنغا قارشى، جەدىت (يېڭىلىقچى) دەپ قارا چاپلاپ ياپتۇرىۋەتكەن ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قولغا ئېلىپ سۈرگۈنمۇ قىلغان ئىدى.

لېكىن خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىمگە بولغان ئارزۇسىنى توسۇپ قالالمىدى. يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئۆز باللىرىنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز ھەركەتلەر بولۇپ تۇردى. جۈملىدىن ئۈرۈمچى شەھرىدىمۇ ئۆزبەك، تاتار، ئۇيغۇر زىيالىلىرى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئۈزلۈكسىز ھەركەت ئېلىپ باردى. نەتىجىدە 1920 ـ يىلى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى ياڭخاڭ مەسچىتى (نوغاي مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دە ئىدى. بۇ مەكتەپتە زەينەتۇللا، ھىسام باۋېن دىگەن كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

بۇ مەكتەپنى قۇرۇش ـ تەشكىللەش ئىشلىرىغا، شۇ چاغدىكى زىيالىلاردىن بۇرھان شەھىدى، زاكىر ئايدىشىۋ، نۇردىن ئابدۇلخەللاقى (ئۆزبەك)، ھەسەن شاكولوۋ قاتارلىقلار قىزغىن قاتناشقان ئىدى. مەكتەپ تەمىناتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشى شەخسلەردىن توپلىناتتى. تەرەققىپەرۋەر سودىگەرلەر، بايلار ئىئانە بېرەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ مەخسۇس كۇتۇپخانىسى (كىچىك كۆلەمدە) بار ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىدا دەرسلىك ۋە ھەر خىل گېزىت ـ ژورنال، ئەدىبى كىتاپلار قويۇلاتتى.

بۇ مەكتەپ يەنە قوشۇمچە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ چىققان ئىدى. بۇلارنىڭ

ئىچىدە تاغدىن كېلىپ ئوقۇغان قازاق شاگىرتلارمۇ بار ئىدى. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن تاغ ئىچىدىمۇ كىگىز ئۆيلەردە مەكتەپ ئېچىپ قازاق بالىلىرىغا يېڭىچە دەرسلەرنى ئۆتكەن ئىدى.

1925 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بەزى دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغان بولدى، مىللىي تىلدا دەرس ئۆتۈلۈشتىن تاشقىرى خەنزۇ، روس تىللىرىمۇ ئوقۇتۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ كۆلىمى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇش يېشىدىكى ھەممە بالىلارنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مەكتەپ ئۈچۈن ئۆزبېك سودىگەرلەردىن مەنسۇرجان باي بىر يۈرۈش قورا جايىنى تەقدىم قىلدى. كېيىنكى يىللاردا ئۈرۈمچىدە مەشھۇر بولغان 6 ـ مەكتەپ (قىزلار مەكتىپى) ئەنە شۇ قورادا ئىدى.

دەسلەپكى يىللاردا بۇ مەكتەپتە ئوغۇل بالىلارلا ئوقۇيتتى، قىزلار سىنىپى يوق ئىدى. بۇ چاغدا قىزلارنى زەينەتۇللا مۇئەللىمنىڭ ئايالى مەريەم بىكە ئاۋۇستەي ئۆز ئۆيىدە ئوقۇتاتتى، 1936 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ مەكتەپنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى. بۇ مەكتەپتىن نۇرغۇن ئوغۇل ـ قىزلار ئوقۇپ يېتىشتى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپىغا نۇرغۇن كۈچ قوشتى.



# شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى تارىخىدىن ئەسلىمىلەر

خەمزە كارباي

## 1 ـ ئېلېكتىر ھەققىدە

بېلگىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى فىرودوننىڭ كىرسىن بىلەن يانىدىغان گازۋاي لامپىسى 1836 ـ يىلى كەشپ قىلىنىپ 43 يىلدىن كېيىن، يەنى 1879 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاتاغلىق كەشپىياتچىسى ئېدىسون ئېلېكتىر لامپىسىنى كەشپ قىلدى. ئېدىسوننىڭ ئېلېكتىر لامپىسى 1909 ـ يىلى شىنجاڭغا كىردى. بۇ لامپا فىرودوننىڭ گازۋاي لامپىسىدىن ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن گازۋاي لامپىدەك يورۇق يانمايتتى. گازۋاي لامپا يورۇق يانغانلىقى ئۈچۈن، 1937 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ كەلدى. ئېدىسوننىڭ لامپىسى ئۈگىلىنى لامپا (كۆمۈر لامپىسى) دەپ ئاتىلاتتى، بۇ لامپا خىرە ياناتتى. لامپىغا ۋولفراملىق سپىرال ئورنىغا بامبۇك ياغىچىنى ھاۋاسىز بوشلۇقتا كۆيدۈرۈپ ئېلىنغان بامبۇك كۆمۈر تاياقچىسى ئىشلىتىلەتتى. لامپا ئىچىگە ھەر بىرى 6 سانتىمېتىر كېلىدىغان 12 دانە بامبۇك كۆمۈر تاياقچىسى ھەرە چىشى شەكلىدە تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، لامپىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى 250 گىراملىق ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشايتتى. بۇ لامپا سىل ـ

كىنىشكە چىدىمايتتى.

1937 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بىرەرمۇ ئېلېكتىر سىمتاناپ تۈۋرۈكى، بىرەر ئورۇندىمۇ كوچىغا ئورنىتىلغان ئېلېكتىر چىراق يوق ئىدى، پەقەت بەزى يەرلەردىلا تېلېفون سىم تۈۋرۈكلىرى بار ئىدى. 10 نەچچە ئورۇندا ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى ئىستانسا بار ئىدى. بۇ ئىستانسىلاردىكى گېنېراتورلارنىڭ قۇۋۋىتى 20 - 4 كىلوۋات، توك بېسىمى 110 ۋولت بولۇپ، كۆپىنچىسى پار ماشىنىسى (سىرتتىن يانىدىغان دىۋىگاتېل) بىلەن، بىر قىسمى سۇ كۈچى بىلەن ھەركەتلىنەتتى. توك تارقىتىشتا تىرانسپورماتور ئىشلىتىلمەيتتى. ئىسچوتچىك (توك سائىتى) كەشپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن توك سەرپىياتى، ئىشلىتىلگەن توكنىڭ ۋاقتى، لامپىنىڭ قۇۋۋىتىگە قاراپ ھېساپلىناتتى. ۋىكلىيۇچاتېل فارفۇردىن ياسالغان بولۇپ «8» شەكىللىك ئىككى دانە مىس پىلاستىنكىنى ئۆزئارا 90 گىرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاندا توك يولى ئۈزۈلەتتى. ئۆزئارا بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلگەندە توك يولى ئۇلىناتتى. 1905 - يىلى مۇسابايوپلار گېرمانىيىلىك كاپىتالىست دورلاختىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن بىر يۈرۈش كۆن - خۇرۇم زاۋۇدى ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر تاشكەنتكىچە تۆمۈر يول بىلەن، ئىلىغىچە ھارۋا بىلەن يۆتكەپ كېلىندى. كۆن - خۇرۇم زاۋۇدى 1909 - يىلى ئىشقا كىرىشتى. توك كۈچى بىلەن ھەركەتلىنىدىغان بۇ زاۋۇتتا چوڭ تىپتىكى پار ماشىنىسى قۇۋۋىتى 250 كىلوۋاتلىق، توك بېسىمى 110 ۋولتلىق ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىنى ھەركەتلەندۈرەتتى. زاۋۇتتا



يەنە قۇۋۋىتى 12 - 20 كىلوۋاتلىق ئېلېكتىر دىۋىگاتېلىدىن 76 سى بار ئىدى. ئۈچ يەردە چوڭ تىپتىكى ھاۋا ئالماشتۇرغۇچى توك يەلپۈگۈچلەر ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىلەن ھەركەتلىنەتتى.

1917 - يىلى ھازىرقى دىخانچىلىق نازارىتى ئورنىدا جۇڭگو - روس بانكىسى قۇرۇلدى. بۇ بانكا 4 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان گېنېراتورنى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن ھەركەتلەندۈرۈپ، ئائىلىلەرنى توك بىلەن تەمىنلىدى. قىشتا ئۆستەڭ سۈيى توڭلاپ قالغاندا، ئۇلار «پاكارت» ماركىلىق كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقا چاقىنى كۆتىرىپ قويۇپ، گېنېراتورنى ماشىنا چاقىغا تاسما بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇش بىلەن توك چىقىراتتى.

1917 - يىللىرى ئۆلكىلىك يامۇلنىڭ ئىچىدە پار ماشىنىسى بىلەن ھەركەتلىنىدىغان، ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان 10 كىلوۋاتلىق كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ توكى ئائىلىلەرنى يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1917 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر دۇڭمېنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دادۇڭلياڭ ئەتراپىدا تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ پار ماشىنىسى بىلەن ھەركەتلىنىدىغان، ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان 20 كىلوۋاتلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ توكى پەقەت خەۋەرلىشىش ئاپاراتى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1918 - يىلى ئۈرۈمچى شۈيموگۇ قۇرال - ياراق زاۋۇدىدا 25 ئات كۈچىگە ئىگە پار ماشىنىسى، بۇنىڭغا قوشۇمچە 20 كىلوۋاتلىق تۇربىنىلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار ئىدى. پار

ماشىنىسى بىلەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئۆزئارا ماسلىشىپ زاۋۇتتىكى ئىستانوكلارنى ھەركەتلەندۈرەتتى.

1922 - يىللىرى ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئورنى چاتقاللىق بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ئۆستەڭگە سۇ كۈچى بىلەن ھەركەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى تۇربىنىلىق ئۇن زاۋۇدى قۇرۇلغان ئىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 8 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇربىنىلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ توكى يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1927 - يىلى ھازىرقى ئۈرۈمچى شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىنىڭ ئورنىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. فابرىكىنىڭ 50 ئات كۈچىگە ئىگە چاتما شەكىللىك، 25 ئات كۈچىگە ئىگە تىك شەكىللىك ئىككى پار ماشىنىسى بار ئىدى. پار ماشىنىسى توقۇش - ئىگىرىش ئىستانوكلىرىنى ھەركەتلەندۈرەتتى. يەنە بىر پار ماشىنىسى ھەركەتلەندۈرگەن 10 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىنىڭ توكى يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1928 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى دۆڭمېن ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇدىغا شىۋىتسارىيىدە ئىشلەنگەن 15 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىدىن بىرنى ۋە بېنزىن بىلەن ھەركەتلىنىدىغان «بالىندىر» ماركىلىق ئىچىدىن يانىدىغان يۇقۇرى بېسىملىق دىۋىگاتېلدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ قۇراشتۇردى، بۇ دىۋىگاتېل زاۋۇتتىكى ئىستانوكلارنى ھەم گېنېراتورنى ھەركەتلەندۈرەتتى، توك يورۇتۇشقا ھەم ئاپتوموبىل ئاككۇمۇلياتورلىرىنى زەرەتلەشكە ئىشلىتىلەتتى.

1936 - يىلىدىن باشلاپ، ئىلى، چۆچەك، ماناس، شىخو-لاردا ئارقا - ئارقىدىن ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكتىر ئىستانسىلى-



رى قۇرۇلدى. تىجارەتچىلەر بىرلىشىپ قۇرغان ئىلى ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1937 - يىلى ئىشقا كىرىشتى. بۇ ئىستانسىنىڭ قۇۋۋىتى 150 كىلوۋات ئىدى. چۆچەك ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 150 كىلوۋاتلىق ئېلېكتىر ئىستانسىنىڭ بىر يۈرۈش قۇرۇلمىلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ ئىستانسا 1938 - يىلى پۈتتى. شىخو ئېلېكتىر ئىستانسىسى كىچىك بولۇپ قۇۋۋىتى 40 كىلوۋات ئىدى. بۇنى تاشيول ئىدارىسى ئۆز ئالدىغا قۇرغان ئىدى.

1936 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى ئەنجۈاڭ گۈڭسى ئورنىدا «يېڭىنۇر» ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ ئۆزگىرىشچان توك ئىشلەيدىغان تۇنجى زامانىۋى ئىستانسا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدە قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت %40، خۇسۇسىلار %60 پاي قوشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پارقازان، ئىككى پار ماشىنىسى، 250 كىلوۋاتلىق توك گېنېراتورىدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلمىلىرى يېڭى بولۇپ، توك بېسىمى 220 ۋولت ۋە 380 ۋولت ئىدى. ئىستانسا 1937 - يىلىدىن باشلاپ توك بېرىشكە باشلىدى. ئىستانسا ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن كىچىك تىپتىكى ئىستانسىلار ئىشتىن توختاپ قالدى. 1939 - يىلى بۇ «يېڭىنۇر» ئىستانسىدا تۇنجى قېتىملىق ئېلېكتىر تېخنىكا كۇرسى ئېچىلدى. ترانسپورت ئىدارىسى مېنى كۇرسقا بېرىپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئازاتلىق ھارپىسىدا بۇ ئىستانسا شەھەرنى توك بىلەن تەمىنلەپ كېلەلمىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىستانسىنىڭ بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىلدى.

## 2 ـ ئاپتوموبىل قاتناش ھەققىدە

شىنجاڭ ماشىنا ترانسپورتى باشلانغىنىغا 60 يىل بولدى. 1921 ـ يىلدىن ئەۋۋەل شىنجاڭدا ئاپتوموبىل يوق ئىدى. قاتناش قوراللىرى كالا ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى، مەپە، پوچتا، خادىك ھارۋا، ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا «تارانچى ھارۋىسى»، جەنۇبىي شىنجاڭدا «يار ـ يار ھارۋا» ئاساس قىلىناتتى.

1921 ـ يىلى تيەنجىندىن سۈيۈەن ـ باۋتۇ موڭغۇل يايلىغى ئارقىلىق «پاكارت» ماركىلىق بىر كىچىك ئاپتوموبىلدا فىلدىنىمىن باشچىلىغىدا ئېنگلىزچە سۆزلەيدىغان ئەجنەبىلەر كەلدى. بۇ ئاپتوموبىل شىنجاڭ تارىخىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن تۇنجى ئاپتوموبىل ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئاپتوموبىللاردىن پەرقى ماتور قىسمى بەكلا ئۇزۇن بولاتتى. ماتورى 12 سىلىندىرلىق بولۇپ رادىئاتورى ھەرىنىڭ ئۇگىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاپتوموبىلنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 5 مېتىردىن ئارتۇق، چاقىنىڭ قاسقىنى پولات سىملىق ئىدى.

1922 ـ يىلى شىنجاڭ ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىغى كاۋالىر دىگەن ئەنگىلىز كىشى چەتئەلدىن ئۆزىگە تۆت سىلىندىرلىق كىچىك ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالدى.

1922 ـ يىلى رۇسىيە چار پادىشاسىنىڭ ئانىنكوۋ، باكىچ ئىسىملىك ئىككى گېنېرالى «كومىنىك»، «لورلەي» ماركىلىق ئىككى كىچىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن



شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ ستارتېرى بىلەن ئاكومۇلياتورى يوق بولۇپ شوپۇر رۇكاياتكا (ئايلاندۇرغۇچ) بىلەن ماتورنى ئايلاندۇرغاندا يۇقۇرى بېسىملىق ئېلېكتىر دىنام ئايلىنىپ ئاندىن ئاپتوموبىل ئوت ئالاتتى. «كومىنىك» گېرمانىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىدى. بۇ ئاپتوموبىلنىڭ لىخەچىسىغا ئاپتوموبىل مېيى قۇيۇلغان بولۇپ چىشلىق چاقلار مايغا چىلىنىپ تۇراتتى. چىشلىق چاقلار پولات پىلاستىنكىدىن ياسالغان. مۇنداق لى خېچىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئاپتوموبىل قوزغالغاندا سىلكىنمەيتتى ھەم سەكرىمەيتتى. «لورلەي» ئەنگىلىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ چاق قاسقىنىنىڭ گۇگۇسىنى ياغاچتىن ياسالغان ئىدى. ئاكۇمۇلياتورى يوق بولغانلىغى ئۈچۈن يورۇتۇشقا كاربىت گازلىق پانار (چىراق) ئىشلىتىلەتتى. كاربىت گازى مەخسۇس تۇڭغا قاچىلانغان بولۇپ، لازىم تېپىلغاندا شوپۇر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ سەرەڭگە بىلەن چىراقنى ياندۇراتتى.

1926 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر سەنشىخاڭزا (ھازىرقى نەنگۇەن ساقچى قوراسى) دا تۇنجى قېتىملىق شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبەك قاتارلىق 4 مىللەتتىن 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كۇرسنىڭ مۇدىرلىغى گىمبېركىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى بۇرھان شەھىدى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. نەزىرىيە ئوقۇتۇشتىن كېيىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان «كومىنىك»، «لورلەي» ماركىلىق ئىككى كىچىك ماشىنىدا پىراكتىكا ئېلىپ بېرىلدى.

1927 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تيەنجىندىن ئۈچ يېرىم تونىنلىق تۆت سىلىندىرلىق «داۋج ـ گىرخام» ماركىلىق

ئاپتوموبىلدىن 15 نى سېتىۋېلىپ شەرقىي شىمالدىن سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق چۆچەككە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئاپتوموبىللار ئامېرىكىدا داۋج ۋە گىرخام ئىسىملىك ئىككى كاپىتالىستنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئاكۇمۇلياتورى ۋە دىنامىسى پەقەت يورۇتۇش ئۈچۈن ھەمدە سىگنال ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇرىدىغان ستارتېر يوق بولۇپ يۇقۇرى بېسىملىق ماگنىتلىق دىنام بىلەن ئوت ئالدۇرىلاتتى.

1927 ـ يىلى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 15 ئاپتوموبىلنى ئاساس قىلىپ ئۈرۈمچى كۆكفۈزى ئىبادەتخانىسى قوراسىدا (ھازىرقى پارتىيە مەكتىۋىنىڭ شىمالى تەرىپىدە) ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە دىرىكتورلىقىغا گىمىركىن، بۇرھان شەھىدىلەر تەيىنلەندى.

1928 ـ يىلى ئاپتوموبىل ئىدارىسى تيەنجىندىن يېڭى تىپتىكى «داۋج ـ گىرخام» دىن 15 نى سېتىۋالدى. (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئاپتوۋۇز ئىدى).

1928 ـ يىلى ئاپتوموبىل ئىدارىسى موسكۋادىن 5 كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن «فىئات» تىن بىر، «شالىلىر» دىن 4 ى بار ئىدى.

«فىئات» نىڭ خوت ساندۇغى بىلەن خوت دەستىسى (رىچاگى) ئاپتوموبىل كابىنكىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ خوت دەستىسىنىڭ شەكلى ھازىرقى زامان قول تىراكتورىنىڭ خوت دەستىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. «شالىلىر» نىڭ خوت ساندۇغى ئارقا ئوقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئاپتوموبىل كاربيوراتورىنىڭ ھاۋا تازىلىغۇچىسى يوق بولۇپ، شوپۇر ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇرۇشتىن ئاۋال كاربيوراتور



ھاۋا تۇشىگىگە بىر پارچە لاتا تىقىپ قويۇپ روكاياتكا بىلەن ئوت ئالدۇراتتى.

1930 ـ يىلى قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەن مەزگىلدە فىرانسىيىنىڭ ستىرايىن ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «ستىرايىن» ماركىلىق ئاپتوموبىل بىلەن فىرانسىيىنىڭ ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى (ساياھەتچىلىرى) قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى، بۇ ئاپتوموبىل زەنجىر تاپانلىق بولۇپ زەنجىرگە كۆپتۈرمە شەكىللىك ياپىلاق رېزىنكا بېكىتىلگەن ئىدى، بۇ ئاپتوموبىللار 6 سىلىندىرلىق 3 توننىلىق بولۇپ جەمئى 10 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئاپتوموبىلدا مەخسۇس ئاشخانا ۋاگونى، يەنە بىرسى مەخسۇس مونچا (دۇش، سەرراپ) ۋاگونى بار ئىدى، قالغان 8 ئاپتوموبىلنىڭ ھەممىسى كوزۇپلۇق ئىدى.

1932 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ تۆت توننىلىق «ۋوماگ» (WOMAG) ماركىلىق شەكلى چوڭ ئاپتوموبىلى كەلدى، بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ماتورى 4 سىلىندىرلىق بولۇپ چاقىنىڭ بالونىغا يەل قاچىلانمايتتى، بالوندا گۈل سىزىقچىلار يوق ئىدى، شۇنىڭدەك ئاپتوموبىلنىڭ كەينىگە يەنە ئىككى تال تۆمۈر تاياقچە سۆرىتىلىپ قويۇلاتتى. ئەگەر ئاپتوموبىل دۆڭگە چىققاندا تارتالماي توختاپ قالغاندا، كەينىگە شوخشۇپ كەتمەكچى بولغاندا بۇ تۆمۈر تاياقچىلار يەرگە قادىلىپ تىرەپ ئاپتوموبىلنى توختىتىۋالاتتى، يورۇتۇش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا ئىككى دانە كىرسىن لامپا ئورنىتىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئاپتوموبىلنىڭ چاق گۈگۈسۇنلىرى ياغاچتىن ياسالغان ئىدى.

1932 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىدىن «مايفىل» ماركىلىق يول چىڭداش ماشىنىسىدىن 4 نى سېتىۋېلىپ شىنجاڭ‑

غا ئەۋەتتى. بۇ ماشىنىغا كۆمۈر قالىنىپ پار بىلەن ھەرىكەت-
لەندۈرۈلەتتى (سىرتتىن يانىدىغان دىۋىگاتىل). بۇ ماشىنا
بىلەن گېرمانىيىدىن كەلگەن باۋۇر ئىسىملىك ئىنژېنېر ماشى-
نىلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

1930 - يىللىرىدىن ئاۋال شىنجاڭدا ئاپتوموبىل قاتناي-
دىغان يوللار يوق بولۇپ، ئاپتوموبىللار كونا ھارۋا يوللىرى
بىلەن قاتنايتتى. دەريالاردا كۆۋرۈك يوق بولغانلىقى ئۈچۈن
ئاپتوموبىل دەرياغا تاشقىن كەلگەندە ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە
ھەر بىر ناھىيە ئات ۋە ئادەم چىقىرىپ ئاپتوموبىلنى ئاتقا
سۆرىتىپ دەريا كېچىكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. 1930 - يىلى
يەرلىك رۇس ئىنژېنېر باكتىيوۋ گېرمانىيىنىڭ نېۋېلىر ئەسۋابى
(يەر ئۆلچەش ئەسۋابى) بىلەن گۈچۈڭ - ئۈرۈمچى تاشيولى-
نى لايىھىلەپ چىقتى. گۈچۈڭ - ئۈرۈمچى تاشيولى مۇشۇ تۆت
ماشىنا بىلەن چىڭداپ چىقىلغان. بۇ يولنىڭ لېنىيىسى ھازىر-
غىچە ئۆزگەرمىدى.

1935 - يىلدىن ئېتىۋارەن ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى ئۆل-
چىنىپ چىققاندىن كېيىن ياسىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى داۋان-
چىڭ تاشيولىمۇ ياسالدى. 1936 - يىلى داۋانچىڭ كۆۋرۈكى
پۈتۈپ چىقتى. بۇ كۆۋرۈكنى كىشىلەر «خوجىنىياز ھاجىنىڭ
كۆۋرۈكى» دەيمۇ ئاتايدۇ. بۇ كۆۋرۈك ياغاچ بىلەن ئەگمە
قىلىپ ياسالغان بولۇپ تا ھازىرغىچە بۇزۇلمىدى. بۇ كۆۋرۈك
شىنجاڭ تاشيول تارىخىدا بۇزۇلماي كېلىۋاتقان پۇختا كۆۋرۈك
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



## 3 - كىنو ھەققىدە

1925 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن كىنو ئاپاراتى ساندۇق
شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى شەكلى ھازىرقى زاماننىڭ كىر
يۇيۇش ماشىنىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغاچ ساندۇقتىن
ئىبارەت ئىدى. ساندۇقنىڭ ئاستى قىسمىغا ئېلېكتىر چىراق
ئورنىتىلغان. كىنو لېنتىسى ساندۇق سىرتىدىكى ئوققا قول
ھەركىتى بىلەن ئورالغان ئىدى. كىنو كۆرگۈچىلەر بىر - بىرلەپ
كېلىپ ساندۇق ئۈستىدىكى كىچىك ئەينەك ئارقىلىق كۆرەتتى.

1930 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇەندىڭ - قونچاق كى-
نوسى قويۇلدى. 1931 - يىلى فىرانسىيىنىڭ ئېكىسپېدىتسىيە-
چىلىرى قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگەندە يەرلىك
ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى ئانزۇرگە بۇلارنى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە
يول باشلاپ ساق - سالامەت ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار
بۇ شوپۇرغا فرانسىيىدە ئىشلەنگەن چامىدان شەكىللىك ئاۋاز-
سىز ھەركەتلىنىدىغان كىنو ئاپاراتىدىن بىرنى سوغا قىلدى.
بۇ كىنو ئاپپاراتى ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كىرگەن ئاۋازسىز
ھەركەتلىنىدىغان چامىدان شەكىللىك كىنو ئاپاراتى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدا مەن بۇ ئاپاراتنى سوراپ ئۆيۈمدە
كۆرگەن ئىدىم. بۇ ئاپارات قولدا ھاسىل قىلىنغان توك
بىلەن تەمىنلىنەتتى. دىنام ۋە لېنتا تەخسىلىرى ئاپارات
ئىچىگە ئىخچام قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. قول بىلەن ھەر-
كەتلەندۈرۈش ئارقىلىق 12 ۋولت توك ئىشلەپچىقىرىدىغان دىنام
بۇ ئاپاراتنىڭ ئىككى دانە ئېلېكتىر چىرىغىنى يورىتاتتى.
فىلىم قويۇلغاندا ئىچىدىكى ئېلېكتىر چىراق ياناتتى. لېنتا
يۆتكىگەندە سىرتىدىكى ئېلېكتىر چىراقنى يېقىپ قويۇشقا توغرا

كېلەتتى. چىشلىق چاقلار دىنامىنىڭ ھەركىتىنى تېزلىتەتتى. چىشلىق چاقلارنىڭ جايلىشىشى قايماق ئايرىيدىغان ماشىنا (سېپراتور) غا ئوخشاش ئىدى، دىنام يېنىدىكى ئوقتا ئىنچىكە زەنجىر بېكىتىلگەن بولۇپ دىنام قول ھەركىتى بىلەن ئايلانغاندا زەنجىر ئارقىلىق كىنو لېنتىسى بىرلىكتە ھەركەتكە كېلەتتى. قول ھەركىتى قانچە چاپسان بولسا ئاپارات ئىچىدىكى ئېلېكتىر چىراق شۇنچە يورۇق ياناتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا لېنتىمۇ تېز ھەركەت قىلىپ تېز يۆتكىلەتتى، ئىكراندىكى ھەركەتمۇ تېز كۆرۈنەتتى. كىنو ئاپاراتىنىڭ ھەجمى 20 × 30 × 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئىكرانى بىر كۋادرات گەز چوڭلۇقتىكى مەخسۇس كۈمۈش بىرىكمىسىدىن ياسالغان سىر بىلەن سىرلانغان ئاق رەختتىن ئىبارەت ئىدى. 12 مىللىمېتىرلىق 6 تەخسە پىلىيونكىسى (لېنتا) بار ئىدى، فىلىمنىڭ مەزمۇنىدا: بىر ئوۋچىنىڭ بۆركۈت بىلەن تۈلكە ئوۋلىغانلىقى، بىر ئېيىقنىڭ ھەسەل يېيىش ئۈچۈن كۆتەكنىڭ كامىرىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ بېشىنى چىقىرالماي قىينالغانلىقى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

1932 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر ئەرداۋچاۋدىكى فۇگۇردارىنىڭ سارىيىدا كۆچمە ئاپارات بىلەن ئاۋازسىز ھەركەتلىك فىلىمغا بىلەت سېتىپ تۇنجى قېتىم ئاممىغا قويۇپ بېرىلدى.

1934 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىل قىلغان ئۆلكە ئەسكەرلىرى روس ئىقتىسادى بىرلەشمىسىنى قۇردى، بۇ بىرلەشمە نەنلياڭغا (ھازىرقى «ئۇزۇن سەپەر» كىنوخانىسىنىڭ ئورنىدا) 500 كىشىلىك بىر تىياتىرخانا سالدۇردى. بىر يىلغىچە ھەر خىل تىياتىر، كانسېرتلار قويۇلۇپ



تۇردى، يىل ئاخىرىدا بۇ تىياتىرخانىدا تۇنجى قېتىم ھەم ئاۋازلىق، ھەم ھەركەتلىك فىلىم قويۇلدى. ئۇ چاغلاردا فىلىمنىڭ ئاۋازى لېنتىغا كانايلىق پاتېفون ئارقىلىق بېرىلەتتى. پاتېفون تەخسىسىنىڭ ھەركىتى بىلەن فىلىم لېنتىسىنىڭ ھەركىتىنى ماسلاشتۇرۇش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن پاتېفون تەخسىگە پەقەت كىنو چۈشەندۈرۈشى بىلەن مۇزىكا ئېلىنغان كىنو پېرسوناژلىرىنىڭ دىئالوگ سۆزلىرى لېنتىنىڭ ئۆزىگە يېزىلغان بولۇپ ئىكراندا خەت كۆرۈنەتتى.

1935 ـ يىلى بۇ تىياتىرخانىدا «تىراكتورچى» ناملىق ھەركەتلىك ھەم ئاۋازى لېنتىغا ئېلىنغان فىلىم قويۇلدى، ئۈرۈمچى ئاھالىسى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مۇكەممەللەشكەن كىنو كۆرۈشكە باشلىدى.

ئۇ مەزگىللەردە كىنو لېنتىسى 12 ـ 8 چاس (تەخسە) بولاتتى. فىلىم بىر ئاپاراتتا قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن لېنتا يۆتكەشكە كوپ ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ بىر قېتىملىق كىنو فىلىم 3 ـ 2 سائەتتە ئاخىرلىشاتتى، ۋاقىت ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپارات قىزىپ كېتىپ كىنو لېنتىسىغا ۋە كىنو ئاپاراتىغا ئوت كېتىش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇراتتى. ئاپاراتقا ئوت كەتكەندە كىنو قويغۇچى شەپكىسى ياكى چاپىنى بىلەن ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرۈۋالاتتى، ئەگەر ئوت يەنىلا ئۆچمىسە كىنو ئاپاراتىنى كۆتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ ئۆچۈرەتتى.

1936 ـ يىلى «پاقا قىز»، «چاپايېۋ» ناملىق كىنو فىلىملەر قويۇلدى. «چاپايېۋ» ناملىق فىلىم تۇنجى قېتىم قويۇلغاندا كىنو ئىكرانىدىن قىلىچ ئوينىتىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆرگەن 50 نەچچە كىنو كۆرگۈچىلەر كىنوخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى.

# كۇچاردىكى سۇ ئاپىتى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى توغرىسىدا

زاكىر نىياز

كۇچاردا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ سۇ ئاپىتىگە 25 يىل بوپقالدى، دىمەك، بۇ ئاپەت چارەك ئەسىرلىك تارىخى ۋەقەگە ئايلاندى.

1958 ـ يىلقى بۇ سۇ ئاپىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئېيتقاندىمۇ، تارىختىن بۇيان تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ئېغىر، ماددى جەھەتتىكى زىيىنى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق سۇ ئاپىتى بولۇپ، مەن، بۇ دەھشەتلىك ئاپەتنىڭ زىيانلىرىنى، بولۇپمۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا ئىشلەنگەن پارلاق خىزمەتلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

## 1

كۇچار ناھىيىسى تيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ئەڭ يېقىن جايلاشقان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. تاغ جىرالىرىدىن چىققان سۇلار چوڭ بىر ئۆستەڭ (تاغئېرىق سۇ بېشى دەرياسى) ھاسىل قىلىپ بۇ بىر ئۆستەڭ سۇ گويا بىر تال گاڭ



تۈز سىزىقتەك كۇچار ناھىيە بازىرىنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ئىدى. بىراق بۇ ئۆستەڭنىڭ پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان سۈيى، چارە ـ تەدبىر قوللىنىلىپ تىزگىنلەنمىگىنى ئۈچۈن، دىخانلار سۇغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولغان چاغلاردا كۇچار دىخانلىرىنى سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلىيەلمەيتتى. ھەر يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلاردا بولسا، تيانشان چوققىلىرىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن سۈيى كۆپىيىپ ئاپەت پەيدا قىلاتتى ۋە ياكى ئېغىر تەھدىت سالاتتى.

شۇڭلاشقا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى يولداش لىن جىلۇ كۇچار ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ بارغاندا سۇ قىيىنچىلىقى ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك ھەر ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1938 ـ يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى لۇڭ كۇ (تاغئېرىق سۇ بېشى) دىگەن جايدا ئۇزۇنلىقى 1200 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر، ھۇلىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدىغان چوڭ دامبا ياسىتىپ، بۇ سۇنى تىزگىنلىگەن ئىدى. مانا مۇشۇ «لىن جىلۇ دامبىسى» نىڭ زور رولى بىلەن سۇنىڭ ھەر يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلاردىكى تەھدىت كۈچى چەكلىمىگە ئۇچراپ، 20 يىللار داۋامىدا ئاپەتكە ئايلىنالماي كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ ئەھۋال 1958 ـ يىلقى چوڭ سۇ ئاپىتىنىڭ 3 كۈن ئالدىدىكى ۋاقىتقىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگە كەلگەندە كۇچار ۋە باي ناھىيىلىرىدە ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىپ، بۇ قاتتىق يامغۇر 3 كۈنگىچە توختىمىغانلىقتىن، بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى يېغىنگەرچىلىك تاغئېرىق سۇ بېشى

دەرياسىدىكى كەلكۈن سۈيىنى پەۋقۇلئاددە كۆپەيتىۋەتتى. كۇچار تاغلىرىدىن تۇرۇلۇپ كەلگەن كۈچلۈك سۇ ئېقىمى «لىن جىلۇ دامبىسى» دىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ ۋە بۇ دامبىنىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 5 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكتە دەھشەتلىك ئېقىپ كېلىپ 1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت 4 تە تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان كۇچار ناھىيىسىنى بېسىپ كەتتى. شۇ كۈنى پەقەت شالدىراڭ تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن كەلكۈن سۈيىلا 1840 كۇپ سىكونتقا يەتكەن.

سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ قېتىمقى سۇ ئاپىتىدە كۇچار ئۆستىڭىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سۇ قوۋۇق، پاختا بازىرى، ئىشىك بازىرى، ياركوچا، كۆكچى مەلىسى، جىگدە كوچا قاتارلىق، شەرق تەرەپتىن گۇڭگاڭ، ئاقدەن، سىيەنجىڭ، يېڭى مەلە ۋە ئىبراھىم بەگنىڭ تۈگمىنى ... قاتارلىق جايلارغا سۇ چىقىپ كېتىپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى ۋەيران قىلغان. 7857 ئېغىزلىق ئۆي (ھاجەتخانا ۋە ئەسكى ئۆيلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ) نى بۇزۇپ، مال - بىساتلارنى ئېقىتىپ كەتكەندىن تاشقىرى، كۇچارنىڭ ئولتۇراقلىق ئاھالىلىرىدىن، تۇققان يوقلاش ۋە زىيارەت قىلىش سەۋەپلىرى بىلەن كەلگەن مېھمانلاردىن ھەم جەنۇپتىن شىمالغا، شىمالدىن جەنۇپقا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان. يەنە يولداش لىن جىلۇ ئۆزى لايىھىلەپ سالدۇرغان چوڭ كۆۋرۈكنى ۋە ساي بويىدىكى دوختۇرخانا، 3 چوڭ سودا سارىيى، بىر چوڭ مونچا ۋە 5 تاشلىق تۈگمەننى؛ پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق سوت مەھكىمىسى، جەنچايۇەن، جخ ئىدا-



رىسى ۋە تۈرمە قاتارلىق ئورۇنلاردىن 22 سىنى ئېقىتىپ كەتتى. بۇ ئورۇنلارنىڭ 695 ئېغىزلىق ئىشخانا، ياتاق قاتارلىق ئۆيلىرى (ھاجەتخانا ۋە ئەسكى ئۆيلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ) سۇدا ئېقىپ تۈزلىنىپ كەتتى.

ناھىيە بازىرىدىكى 13 ئاھالىلەر كومىتېتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە، ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئادەم ۋە ئۆيۋاق، مال - بىساتلار ئېقىپ كەتكەندىن تاشقىرى يەنە 500 مو كۆكتات يېرىدىكى ھەر خىل كۆكتاتلار، 8498 سەر ساپ كۈمۈچ، 494 سەر ساپ ئالتۇن، سودا ئىدارە ۋە تەمىنات - سودا كاپېراتىۋى قاتارلىق سودا تارماقلىرىنىڭ 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك ھەر خىل سودا تاۋارلىرى سۇدا ئېقىپ كېتىپ زىيان بولدى.

بازارنىڭ سىرتىدىكى 9 رايوندىن 7 سى ئاپەتكە ئۇچراپ 500 مودىن ئارتۇق كۆكتاتلىق، 15 مىڭ 585 مو يەردىكى ئاشلىق زىرائەتلىرى — 274 مىڭ 725 جىڭ بۇغداي، 174 مىڭ 259 جىڭ گۈرۈچ، 10 مىڭ 500 جىڭ مايلىق زىرائەتلەرنى نابۇت قىلدى. سۇ ئاپىتى يەنە 358 ئائىلىلىك دىخاننىڭ ئۆيۋاق، مال - بىساتلىرىنى 10 نەپەر ئادىمى، 134 تۇياق ئات - كالا، 563 تۇياق قوي - ئۆچكىلىرى بىلەن قوشۇپ ئېقىتىپ كەتتى. 994 ئېغىزلىق ئۆي - ئىمارىتىنى تۈزلىۋەتتى.

11 كارىزنى، تۈگمەنلەرنى، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز ۋە دامبىلارنى ئاساسەن ۋەيران قىلىۋەتتى.

81 كىلومېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتىكى قارىماي يولىنى، 17 مېتىردىن 64 مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتىكى 8 كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىپ تاشيول قاتنىشىنى ئۈزىۋەتتى. چەتتىن كەلگەن 20 دانە ئۆتكۈنچى ماشىنىنى 44 نەپەر ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئېقى-

تىپ كەتتى.

1958 ـ يىلقى چوڭ سۇ ئاپىتىدە ئېقىپ كەتكەن ئومۇمى مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

## 2

يازما مەلۇماتلار ۋە پىشقەدەملەرنىڭ ئېغىزچە بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، كۇچارنىڭ ئەسلى ئورنى ـــ قەدىمى كۆسەن، هازىرقى ناهىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇتلۇق ئوردا ۋە بۇ يەرنى چۆرىدىگەن جايلار بولۇپ، كۇچار خەلقى مىڭ يىللاردىن بېرى قەدەممۇ ـ قەدەم سۈرۈلۈپ كۇچار ئۆستىڭى (ساي بويى) نى چۆرىدەپ ئورۇنلاشقان ۋە هازىرقى ئاۋات، باغ ـ بوستانلىق كۇچار كونىشەهەر بازىرىنى بىنا قىلغان ئىدى. مەرىپەتپەرۋەر، قەدىمى مەدەنىيەتكە ئىگە كۇچار خەلقى بۇ يەردە توققۇزى تەل سودا مەركەزلىرىنى، هەشەمەتلىك خانىقا ـ مەسچىتلەرنى، مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنى، مازار ۋە تاۋاپخانىلارنى بىنا قىلىپ، ياشاپ كەلگەن ئىدى. بۇندىن 750 يىل ئىلگىرى ياشىغان مەۋلانە ئەرشىدىنخان غوجا مازىرىنىڭ مەزمۇت قۇرۇلۇشى، هەيۋەتلىك كۇچار خانىقاسى قۇرۇلۇشى ۋە بۇ خانىقا قوراسى ئىچىدىكى بۇندىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان مەشهۇر زات ـــ ئىشان ساقى ۋەلىيۇللا زىيارەت قىلغان مەسچىت قۇرۇلۇشى، مەهكىمە شەرئى ئىمارىتى، ساي بويىدىكى ئوچيۈز يىللىق تارىخقا ئىگە رەستە مەسچىتى قاتارلىق قەدىمى بىنالار كۇچار خەلقىنىڭ قەدىمى مەدەنىيەتلىك تارىخىنى نامايان قىلىپ، تېخى هازىرغىچە قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا (بۇ ئورۇنلار مەدەنى



يادىكارلىقلار قاتارىدا مۇهاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىۋاتىدۇ).

پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىگە قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە، كۇچاردا هەر 20 يىلدىن 30 يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىر قېتىم چوڭ سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرغان. 1915 يىلى 8 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق كەلكۈن سۈيىمۇ سايغا پاتماي تېشىپ چىقىپ ئاهالىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بېسىپ كەتكەن. كەلكۈن سۈيى ئەينى چاغدىكى كۇچار مەهكىمە شەرئىنىڭ قازىسى ئابدۇمىجىت داموللىنىڭ گۈڭگاگدىكى بالىخانىلىق ئۆيلىرىگىچە كۆپۈپ چىقىپ، تاماق ئىچىۋاتقان قازىنىنى كۆتىرىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە لەيلىتىۋەتكەن ئىكەن.

1958 ـ يىلقى سۇ ئاپىتى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، زىيىنى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولدى. لېكىن ئاپەت ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا كومپارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىگى ۋە هەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ كوممۇنىستىك روه بىلەن سۇغۇرۇلغان قېرىنداشلارچە ئىناق مېهرى ـ مۇهەببىتى يەنە بىر قېتىم نامايان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەرقايسى شەهەر، ۋىلايەت ـ ناهىيىلىرىدىن ئارقىسى ئۈزۈلمەي تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قۇتقۇزۇش، داۋالاش، هال سوراش دۆي ـ ئۆمەكلىرى، ماددى ئەشيالار، يىمەك ـ ئىچمەك، دورا بۇيۇملىرى ئەۋەتىلدى.

سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دەسلەپكى هەپتىدىلا كۇچارغا يېتىپ كەلگەن هال سوراش خەت ـ تېلېگراممىلىرى 2267 پارچىغا يەتتى. ئاپەت جەريانىدا زەخىملەنگەن يارىدارلارنى داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 1500 نەپەردىن 3000 نەپەرگىچە داۋالاش خادىملىرى كەلتۈرۈلۈپ ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر

ئىشلەندى. يەنە قۇتقۇزۇش، توشۇش ئايروپىلانى 25 ئايروپىلان-قېتىمغا، ماشىنا 1231 ماشىنا-قېتىمغا يېتىپ، زىيانغا ئۇچرىغانلارغا ئىئانە قىلىنغان 578 مىڭ 477 يۈەن نەق پۇل، بىر مىليون جىڭ ئاشلىق، 379 مىڭ 892 جىڭ ساپ ئۇن، 44 تونىنا نان، 107 مىڭ 411 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەكلەر، 2921 دانە يوتقان ۋە ئەدىياللار، 15 مىڭ 664 كىشىلىك ھەر خىل ئاياقلار كۇچارغا يېتىپ كەلدى. تەييارلانغان پىششىق يېمەكلىكلەردىن مىڭ جىڭلاپ قېزا، مىڭ جىڭلاپ پېچىنە ۋە بولكىلار يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى زىيانغا ئۇچراپ كىيىم-كېچەكسىز ۋە يېمەك-ئىچمەكسىز قالغان كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ قېتىمدا زىيانغا ئۇچرىغۇچىلاردىن ھەر بىر كىشى 3 قۇردىن كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەنگەن.

سۇ ئاپىتىدىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز بۇندىن باشقا يەنە بىر قاتار جىددى قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى كۇچارغا كېلىپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە ۋاكالىتەن كۇچار خەلقىدىن سەممىي ھال سورىدى ھەم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى.

8-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە كىچىك كۆۋرۈكلەر ياسىتىلىپ، يوللارنىڭ ۋەيران بولغان قىسىملىرى رېمونت قىلدۇرۇلۇپ ماشىنا قاتنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 8-ئاينىڭ 19-كۈنى يەنە بەزى سودا دۇكانلىرىنىڭ نورمال سودىسى باشلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتىدىن



20 نەپەر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى چاقىرتىلىپ كۇچارنىڭ يەر شارائىتى تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن كونىشەھەردىكى ئاھالىلارنىڭ سۇ ئەپكەتكەن ئۆي-ئىمارەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ناھىيىنىڭ مەركىزى قىسمىنى كارىز تەرەپكە سۈرۈشنى قارار قىلدى.

ھازىرقى رەتلىك، كۆركەم ئۆي-ئىمارەتلەر سېلىنغان كۇچار يېڭىشەھەرنىڭ ئورنى بۇندىن 70-80 يىللار بۇرۇن قاقاس سايلىق ئىدى. دەسلەپ قىلىپ كۇچارنىڭ تۇڭگىلىكى قادىر جەڭگى دىگەن كىشى بۇ ئىدىرلىقنىڭ بىر قىسمى بولغان كارىز دىگەن يەرگە باغ-ئورمان بىنا قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار ئۇ يەردىن پەقەتلا ئەسكىرى لاگېر سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇ يەر كېيىنكى ۋاقىتلارغىچىلىكلا ئاھالىلار ئولتۇراقلاشتۇرۇلمىغان «چەت» يەر بولۇپ، سۇ ئاپىتىدىن كېيىنلا بىر قاتار لايىھىلەش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ 9-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭىشەھەر قۇرۇلۇشى رەسمى باشلاندى.

ئاپتونوم رايون كۇچار يېڭىشەھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 10 دانە ماشىنا، 40 دانە 4 ئاتلىق ھارۋا، 40 دانە 4 چاقلىق خوت ھارۋىسى ياردەم قىلغاندىن باشقا يەنە 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ قۇرۇلۇش شىركىتىدىن كەلتۈرۈلگەن 200 كىشىلىك قۇرۇلۇش دۈيى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن 150 كىشىلىك قۇرۇلۇش دۈيى ۋە كۇچارنىڭ ئۆزىدىن تەشكىللەنگەن 800 كىشىلىك قۇرۇلۇش قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

# ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى خىيانەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى

خېۋىر تۆمۈر

نۇرغۇن تارىخى ماتېرىياللاردا «كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەلدارلار، بەگلەر پارىخور ئىدى. ھەر خىل يوللار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ خەلقنى ئېزەتتى، خانىۋەيران قىلاتتى ......» دىگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئەپسۇسكى ئۇ زاماندىكى ئەمەلدار، بەگلەر قايسى ئۇسۇلدا خىيانەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر كونكرېت تەپسىلات يوق. تارىخى - ئەدىبىي ئەسەرلەردىمۇ كونكرېت ئېچىپ تاشلانغىنى يوق. بۇ ھەقتە ياش ئەۋلاتلىرىمىز خەۋەرسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالا ئارقىلىق ياشلارغا تارىخى دەۋرلەردىكى خىيانەتچىلىك ۋە رەزىل ئۇسۇللار توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش كۆزدە تۇتۇلدى. تولۇقسىز جايلىرىنى كىتاپخانلارنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

## 1 - ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى خىيانەتچىلىك

بۇ دەۋر 1912 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە 17 يىل داۋام



قىلغان ئىستىبدات - قاراڭغۇ دەۋر بولۇپ، باشتىن - ئاياقىچە خىيانەتچىلىك، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپا، جاھالەت - خۇراپاتلىق ئەۋج ئالغان بىر دەۋر ھېساپلىنىدۇ. بۇ دەۋردە خىيانەتچىلىكنىڭ كونكرېت شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1 - ۋالى، ئامبال، جۇيجاڭ بولۇش ئارقىلىق خىيانەت قىلىش. مەسىلەن، بىر ناھىيىگە يېڭى ئامبال تەيىنلەنسە، شۇ ناھىيىدىكى بەگلەر (مەيلى ئۇ قانچە بولسۇن) يېڭى كەلگەن ۋالى، ئامباللارغا بەس - بەس بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، ئات، خېچىر، زىلچە - گىلەم ۋە ھەر خىل قىممەتلىك تېرە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلاتتى. ئەگەر بىر بەگ تەخمىنەن بىر سەر ئالتۇن، ئىككى يامبۇ، 100 سەر كۈمۈش تەڭگە، بىر قانچە جىڭ ئەپيۇن، بىر ئات، بىر خېچىر تەقدىم قىلىدى دەيدىغان بولساق ئۇ چاغدا بىر ناھىيىدە بەگلەر 5 بولسا قانچىلىك بايلىق توپلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا قانچىلىك توپلىنىدۇ. بۇنى ھېساپلاپ چىقىش ئانچە قىيىن ئەمەس. بۇ بەگلەر ئامبالغا تەقدىم قىلغان پۇل - ماللارنى ھەرگىز ئۆز يېنىدىن بەرمەيتتى، يۇرت خەلقىگە ئالۋاڭ تەرىقىسىدە چېچىپ ئامبالغا تەقدىم قىلغان پۇل - مالدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ يىغىۋالاتتى.

شەھەر بەگلىرى، شاڭيولارمۇ ھەر قايسى ئۆز ساھەسى بويىچە سوغا تەقدىم قىلاتتى. مەسىلەن، ھارۋىكەش شاڭيوسى ۋالى ياكى ئامبالغا ئاتاپ پوچتا ياكى مەپە ياسىتىپ تەقدىم قىلاتتى، پوچتىغا بىر جۈپ ئات، مەپىگە بىر دانە خېچىر جابدۇپ بېرەتتى. سودىگەرلەر پۇل يىغىش قىلىپ زىلچە - گىلەم تەقدىم قىلاتتى. بۇ ئۇسۇلدا ۋالى - ئامبال بولغانلار

بىر ـ ئىككى ئايدىلا نۇرغۇن بايلىق توپلىۋالاتتى. بەگلەر، شاڭيولار ئامبالغا تەقدىم قىلغان پۇللارنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ يۇرتتىن ـ خەلقتىن يىغىۋالاتتى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يۇرتتا خىيانەتچىلىك، قاقتى ـ سوقتى قىلىشنىڭ قارا شامىلى چىقىپ كېتەتتى.

2 ـ ۋالى ـ ئامباللار بىر يۇرتقا كېلىپ 3 ـ 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يېزا ـ سەھرالارنى تەكشۈرگىلى چىقاتتى. ھەر قايسى بەگ ئۆز تەۋەسىدە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلاتتى. بايلارمۇ ئۆز ئالدىغا ئامباللارغا سوغا تەقدىم قىلىپ ئۇزىتاتتى. ئەگەر ئامبال قايسى بىر باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىۋاتقاندا شۇ باينىڭ ئۆيىدە تۇرغان گىلەمنى ياكى ئېغىلدىكى ئېتىغا كۆزى چۈشۈپ، ياخشى گىلەمكەن ياكى ياخشى ئات ئىكەن دەپ بىر ئېغىز سۆزلەپ قويغان بولسا، گىلەم بىلەن ئات ئامبال ئۆيىگە قايتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولاتتى. دىمەك ۋالى ياكى ئامبال بولغانلار مەزكۇر ناھىيىنىڭ يېزا ـ سەھرالىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقىش بىلەن نۇرغۇن بايلىق يىغىۋالاتتى. بۇ ئۇسۇل، شۇ دەۋردىكى ۋالى ـ ئامباللارنىڭ خىيانەت قىلىپ پۇل توپلىۋېلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىدى. قايسى بەگنىڭ تەۋەسىدە تەقدىم قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە قاراپ شۇ بەگنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى باھالىناتتى.

3 ـ چوڭ ـ چوڭ دەۋالاردىن پارە ئالاتتى. بولۇپمۇ بايلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىدىغان يەر، يايلاق دەۋالىرى، خۇن دەۋاسى، بەگلەرنى يىقىتىش، يېڭى بەگ تەيىنلەش دەۋالىرى چوڭ ـ چوڭ دەۋا ھېساپلىناتتى. بۇنداق دەۋالاردا



ئامباللار، تۇڭچىلار، يامۇل بەگلىرى سەرلەپ ئالتۇن، نەچچە ئون سەرلەپ كۈمۈش پۇللار پارە يەيتتى.

4 ـ غەللە ـ پاراقتىن قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. دېھقانلار غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر، ئەمما ئىسكىلات خادىملىرى دېھقاندىن ئاش ئالغاندا چوڭ كۈرە بىلەن ئېلىش، ئاشلىقنى كۈرىگە قاتتىق ئۇرۇپ قاچىلاش ئارقىلىق مۇقەررەر يوسۇندا 10 چارەكتە بىر چارەك ئاشلىق ئارتۇق ئالاتتى. دېھقاننىڭ جېنى ئىنتىرەيدىغان يەرلىرى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. 20 چارەك غەللە تاپشۇرىدىغان دېھقان 25 چارەك ئاش ئېلىپ كەلسىمۇ گايىدا تولدۇرالماي قالاتتى. مەسىلەن، مەن 1948 ـ يىلى × × ناھىيىسىنى ئۆگەنگەن ئىدىم. مەزكۇر ناھىيە يىلىغا 700 مىڭ چارەك غەللە ـ پاراق ئالىدىكەن. بۇ ئاشلىقنى ئېلىش جەريانىدا ئىسكىلات (ساڭ) خادىملىرى بۇ يىل چوقۇم 60 ـ 70 مىڭ چارەك ئارتۇق ئاش ئالالايمىز دەپ ھۆددە قىلالايدىكەن. يىل ئاخىرىغا يەتكەندە ئەمەلدارلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ ۋالىغا 10 مىڭ چارەك، ئامبالغا 8 مىڭ چارەك، جۇيجاڭغا 6 مىڭ چارەك دەپ تەقسىم قىلىپ بۆلۈشىۋالىدىكەن. دىمەك ئەمەلدار بولغانلار ئېتىزنى كۆرمەي، بىر كەتمەن چاپماي تۇرۇپلا 5 ـ 10 مىڭ چارەك مەھسۇلاتقا ئىگە بولىدىكەن، بۇنىڭدىن تاشقىرى باج كىرىملىرى ۋە باشقا بايلىقلاردىنمۇ ئوخشاشلا بەھرىمەن بولاتتى. ناھىيە ئامباللىرى ئۆز ئۈستىدىكى ۋالىلارنى، ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۈنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەگەر ئۇلارنى سوغاتلىقلار بىلەن يوقلاپ تۇرمىسا، ئۇ ئامبال ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەيتتى.

5 ـ ئامباللار ئاساسەن ئىككى يىلدا بىر قېتىم يۆتكىلىپ تۇراتتى. يۆتكەلگەن ۋاقىتتا ناھىيىدىكى بەگ ـ شاڭيولار يەنە

ئۇنى نۇرغۇن سوغاتلىقلار بىلەن ئۇزۇتۇپ قوياتتى. بۇ ئامبال ئىككى يىل بۇرۇن مەزكۇر ناھىيىگە كەلگەندە خۇددى دىخاننىڭ بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن توخۇسىدەك ھارۋىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا باش ـ كۆزىنى توپا ـ تۇمان باسقان ئەبگا كۆرۈنۈشتە كەلگەن بولسا، ئىككى يىلدىن كېيىن قايتقاندا بۇ ئامبالنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ھارۋىدا ئۆي ـ جاھازلىرى، ئونلىغان ساندۇقلىرى. زىلچە ـ گىلەملىرى، بىر ياكى ئىككى مەپىسى، تاش توقۇملۇق ئىگەر توقۇلغان بۇلۇتتەك ئاتلىرى، بىر قانچە خىزمەتكارلىرى بولاتتى. ئۇلاقنىڭ خۇيى سەمرىگەندە چىققاندەك ئىلگىرى ئەبگا كەلگەن بۇ ئامبال، ئەمدى شىر ـ يولۋاسلاردەك ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتەتتى.

6 ـ بۇ ئامباللار قايتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە جاڭجۈن، تىڭجاڭ ۋە باشقا تونۇش ـ بىلىش، تۇققان ـ بۇرادەرلىرىنى سوغا ـ سالام بىلەن يوقلايتتى. ھەربىر ئامبالنىڭ جىقراق پۇل ـ بايلىق تاپقانلىقى شەرەپلىك ھېساپلىناتتى. پۇلنى ئاز تاپقان ئەمەلدارلارنى ياڭ زېڭشىن «قابىلىيەتسىز» دەپ ئەيىپلەيتتى. يەنە بىر قېتىم ئەمەلگە تەيىنلەش مەسىلىسىدە مۇنداق قابىلىيەتسىز دەپ قارىغان ئادەملەرنى ئىمكان قەدەر تەيىنلىمەيتتى. بۇ ئىشلار شۇ دەۋردە ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىنىدىغان رەسمىي ئادەت ئىدى.

7 ـ پارىخورلۇق شۇ قەدەر ئاشكارا ئەۋج ئالغانكى، ھەتتا يامۇل ياكى فايۇەننىڭ ئادەتتىكى كاتىپلىرى (كۆچۈرمىچىلەر) بىر ھۆكۈم خەتنى كۆچۈرۈپ تەييارلاپ ئالدىدىكى قەغەز سىلىغدايدىغان تاشقا باستۇرۇپ قويۇپ تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى. دەۋاگەر دىخان ياكى ھۈنەرۋەن خەتنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ـ



ئىككى سەر قەغەز پۇلنى تەڭلىسە، بۇ پۇل كاتىپنىڭ كۆڭلىدىكى سانغا يەتمىسە پۇللارنى لاقتۇرۇپ تاشلاپ ھازىرلا تىللايتتى. دەۋاگەر بېرىدىغان پۇلنى كۆپەيتىپ كاتىپنىڭ كۆڭلىدىكى سانغا يەتكۈزسە، ياكى يېقىنلاتسا ئاندىن ھومۇيۇپ تىللاپ، ئالدى بىلەن پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن خەتنى بېرەتتى. دەۋاگەر خەتنى ئېلىۋالغانغا خوش بولۇپ «خوش ـ خوش» دىگەنچە چىقىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا تۇڭچىلار، يايىلار، بەنشىياڭ، دورغىلارمۇ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا چاي پۇلى، تاپان ھەققى قاتارلىق تاپاۋەتلەرنى قىلاتتى.

8 ـ بەگلەر ئامباللارغا قىلغان سوغا ـ سالاملارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي خەلقتىن يىغىۋالاتتى، بەلكى نەچچە ھەسسە ئارتۇق يىغىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئالۋاڭ ـــ سەيسەلەرنىڭ كۆپلىكىدىن خەلق ئامىسىنىڭ ئارامى بولمايتتى. ئۇرۇش ـ تىللاش، باغلاش ـ قاماش قاتارلىق ھەر خىل زۇلۇملار تىنىمسىز بولۇپ تۇراتتى.

9 ـ يۇقۇرقىلاردىن باشقا ھەربىلەرنىڭ، شۆتاڭ باللىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرى، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشلىرىنى، باجگىرلارنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىنى، يەرلىك ۋاڭ غوجا ۋە بايلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى قوشۇپ ئومۇمى يۈزلۈك تەسەۋۇر قىلغاندا، ئاندىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئومۇمەن شۇ دەۋردە ئەمەلدارلار، ۋاڭلار، بەگلەر، يايى، دورغىلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ھالاۋىتىنى كۆزلەپ بايلىق توپلىۋېلىش ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ھەر خىل ئۇسۇللاردا خىيانەتچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىناتتى، ھەتتا بۇلاڭچىلىق قىلاتتى.

## 2 - جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى خىيانەتچىلىك

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى 1928 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە 5 يىللىق دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدىكى خىيانەتچىلىك - پارىخورلۇق ئىشلىرى ئاساسى جەھەتتىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتا بىلەن پەرقلىنەتتى:

1 - جىن شۇرېن دەۋرىدە ئەمەلدارلارنى (ئامباللارنى) ئىككى يىلدا ئەمەس، بەلكى بىر يىلدا بىر قېتىم يۆتكەيدىغان ئىشنى چىقاردى. بۇنىڭدا ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇش ۋاقتى قىسقا بولغان بىلەن پارە ئېلىش، خىيانەت قىلىش سۈرئىتى تېزلەشكەن ئىدى.

2 - جىن شۇرېن دەۋرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا، يەنى 1931 - يىلى قۇمۇل دىخانلار ئىنقىلاۋى پارتلىغانلىقتىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئىنقىلاپنى باستۇرۇش تۆپەيلىدىن زور كۆلەمدە ھەربى كۈچلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك يۆتكىدى. بۇ سەۋەپتىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى خىيانەت - پارىخورلۇق قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقنى شۇلۇشكە باشلىدى. ئالۋاڭ - ياساق چېكىدىن ئاشتى. يىغىپ ئېيتقاندا جىن شۇرېن دەۋرىدە خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويغازدى، شۇ سەۋەپتىن خەلق ئومۇمى يۈزلۈك قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى.

## 3 - شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى خىيانەتچىلىك

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر 1933 - يىلى



4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 1944 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاز كەم 12 يىل داۋام قىلدى. بۇ دەۋردە خىيانەتچىلىك ئىشلىرى قاتتىق چەكلەنگەن ئىدى. شېڭ شىسەي خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىيانەتتى بولغان بىر پولكوۋنىك (تۈەنجاڭ)غا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۈي ۋېنبىڭ، چىتەي باجخانا جۈيجاڭى ×× قاتارلىق بىر قانچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

كېيىنچە، پاك بولۇش سىياسىتى باشقا ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان بولۇپ، خىيانەت قىلىش شېڭ شىسەيگە خاس ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

شېڭ شىسەينىڭ خىيانەت قىلىپ بايلىق توپلاش ئۇسۇلى باشقا ھەر قانداق كىشىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئادىمىنى يەپ تۈگىتىپ ئاندىن ئۇنىڭ بايلىقىنى ئالاتتى. بۇ ماھىيەتتە ئاشكارا بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق ئىدى. بۇ ئۇسۇل بويىچە ئۆزىدىن ئەمەلدارلىق ساھەسىدە باي بولۇپ كەتكەن چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلارنى، چوڭ - چوڭ سودىگەرلەرنى، ئاخۇن، لامالارنى، بايلارنى ئارقىمۇ - ئارقا قولغا ئېلىپ ئاندىن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ بىراقلا ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە بۇ ئادەمخور جاللات 10 - 20 توننا ئالتۇن - كۈمۈش، بىرلىيانت ۋە قىممەت باھالىق مەھسۇلاتلارغا ئىگە بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ۋاقتىدا جياڭ جيېشىغا 55 مىڭ سەر (ئۈچ توننىدىن ئارتۇق) ئالتۇن سوغا قىلغانلىقىغا قارىغاندا بۇ ئەبلەخ 2 - 3 يۈز مىڭ سەر ئالتۇن ئىگىسى بو-

لۇپ قالغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. كېيىنكى ئۇرۇمىنى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشاپ ئۆتكۆزدى.

دېمەك شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى خىيانەتچىلىك شېڭ شىسەي ئۆزى قىلسا قىلىۋېرىدىغان، باشقىلار قىلىشقا بولمايدىغان خۇسۇسىيەت بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

## 4 ـ ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدىكى خىيانەتچىلىك

ۋۇجۇڭشىن دەۋرى 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولۇپ، بۇ دەۋردە خىيانەتچىلىك يەنە بىر پەللە ئەۋج ئالغان ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن بەنزىسىدىكى ئادەملەر قايسىلا ئىدارىغا بارسا، شۇ يەردە كەڭ دائىرىدە خىيانەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا جەملىگىلى بولىدۇ:

1 ـ ۋۇ جۇڭشىن بەنزىسىدىكىلەرنىڭ تولىسى چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن تىپىك راھەتپەرەسلەر بولۇپ تولىمۇ ئاچكۆز ئىدى. ئۇلارنى قوش مائاش بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلار بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن كۆچەپ خىيانەت قىلاتتى. ئۇرۇمچىدە قايسى نازارەت ۋە ئىدارىلارغا باشلىق بولغانلار شۇ ئىدارىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش خىراجىتى ئالاتتى. ئەسلىدىكى جوزا ـ بەندىلەر ۋە باشقا جاھازلارنى گويا خۇسۇسى مۈلكىدەك سېتىپ پۇلىنى ئۆزلىرى تەقسىم قىلىشىۋالاتتى.

2 ـ ۋالى، ھاكىم بولغانلار، بارماقچى بولغان ۋىلايەت ـ



ناھىيىلەرگە، «دېخانلارغا ياردەم، سۇ قۇرۇلۇشىغا ياردەم، چارۋىچىلىققا ياردەم دېگەندەك» ئىسمىدا كۆرسىتىپ غەزنىدىن كۆپلەپ پۇل ئالاتتى. بۇ پۇلغا ئۇلار ئۈرۈمچىدە تۈرۈپلا ئالتۇن ياكى باشقا پايدا چىقىدىغان گەزمال ئالاتتى. مال باھاسى ئىگىز ـ پەس بولۇۋاتقان دەۋردە بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىنلا دەپتەردىكى 100 يۈەن پۇلنى 10 يۈەنلىك مال سېتىپلا تولدۇرۇپ قوياتتىدە، بۇ ئوتتۇرىدا چىققان پايدىنى ئۆزلىرى چۆنتەككە سالاتتى. بەزەنلىرى بۇ پۇلنى ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ـ شاڭخەي ئارىلىغىدا بىر ـ ئىككى ئايلاندۇرۇپ جىق ـ پايدا تاپاتتى. دېمەك ئۇلار ئۈرۈمچىدىن خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بارماستىنلا جىق بايلىق توپلاپ كېتەتتى.

3 ـ ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدە مېھماندارچىلىق ۋە سوغات بېرىش ئىشلىرى كۆپەيگەن ئىدى. بۇ ھەم پۇل تېپىشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. ھەر بىر باشلىق ھېچ بولمىغاندا تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيمەن دەپ چوڭ زىياپەتلەر ئويۇشتۇراتتى. كىشىلەر ئۆبەرگە سوغا ـ سالام ئېلىپ كېلەتتى. مەسىلەن، شۇ دەۋردە × × × ناھىيىسىنىڭ ئوتۇن ـ سامان پونكىتى (ساۋلياۋزەن) گە باشلىق بولغان بىر كىچىك خىزمەتچى تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيمەن دەپ ئۈچ كۈن زىياپەت بەرگەن. شۇ زىياپەتكە توپلانغان سوغات بۇيۇملىرى ۋە توپلانغان پۇلنىڭ كۆپلىگى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك بىر خىزمەتچى ئۇنداق قىلغان يەردە چوڭراق ئەمەلدارلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە باشلىغى چېڭ × × ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى خىزمەتچىلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنلا غايەت چوڭ

چاي زىياپىتى ئۆتكۈزگەن. بىرەر سائەت داۋام قىلغان چاي زىياپىتىگە خەجلەنگەن پۇلنىڭ قىممىتى 200 تاختا قارا چاي بولىدىغانلىقىنى كىشىلەر شۇ جايدىلا ھىساپلاپ چىقىپ ھەيران بولغان ئىدى.

4 - پۇل پاخاللىقىدىن پايدىلانغان ئىدارە باشلىقلىرى ۋە مالىيە بوغالتىر خادىملىرى خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ۋە باشقا چىقىملارنى ئارقىغا تارتىپ كېچىكتۈرۈپ، ھەپتە - ئون كۈن ئىچىدە پەيدا بولغان پۇل پاخاللىقى پەرقىدىن خىيانەت قىلاتتى. مەسىلەن، ئالدىنقى ھەپتىدە كېچىكتۈرۈلگەن ئىش ھەققىگە 100 تاختا چاي ئېلىپ بېرىش قويۇلغان بولسا كېيىنكى ھەپتىدە 50 تاختا چاي سېتىپ ئالدىنقى ھەپتىدىكى 100 تاختا چاينىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ قوياتتى. بۇ ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان 50 تاختا چاينىڭ پايدا پۇلىنى باشلىقلار بۆلۈشىۋالاتتى. ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مائارىپچىلار يىللاپ مائاش ئالالمىغان ئەھۋاللار بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مائاشىنى مالىيە ئورۇنلار كەينىگە تارتىپ يۇقۇرقى ئۇسۇلدا مېغىزىنى چېقىۋالاتتى. ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارغا شاكىلىنى بېرەتتى. نەتىجىدە بىر ئايلىق مائاشقا بىر باغلام تارشا گۈگۈتمۇ كەلمەيتتى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولغان بىر يېرىم يىلدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلدار بولغانلار ئىنتايىن باي بولۇپ كەتكەن ئىدى. 1945 - يىلى كۈز ئايلىرىدا قايتىپ كەتكەندە ھەر بىر باشلىقنىڭ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرى، ئۆي جاھازلىرى ماشىنىلارغا سىغماي كەتكەن ئىدى. ئېلىپ كېتەلمىگەن نەرسىلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئەرزان باھادا يارىشى-



غا سېتىپ كېتىشتى. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ غەزىنىسىنى قۇرۇتىۋەتكىلى قىل قالغان ئىدى.

## بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋاقتىدىكى ئەھۋال

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تېچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بىتىم بۇزۇلغانغا قەدەر بولغان بىر يىلدەك ۋاقىت جەريانىدا، ئىدارە ئىشلىرىدا خىيانەتچىلىك قىلىش كۆرۈلمىدى دەپ ئېيتىشقا بولمىسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئايرىم ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالغاندا خىيانەتچىلىك ئانچە ئەۋج ئالمىغان ئىدى. ئەمما ھەربىي دائىرىلەرنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئورۇنلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئاشلىقنى جەنۇپتىن - شەرققە يۆتكەش ئىشلىرىدا پۇخرالارنى جىق قاقتى - سوقتى قىلىپ قاخشاتقان ئىدى.

## بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىنكى خىيانەتچىلىك ئەھۋالى

1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىتىم بۇزۇلۇپ ئاساسەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر باشلاندى. مەسئۇت سەبرى رەئىس بولغان قورچاق ھۆكۈمەت دەۋرىدە ھەر بىر ۋىلايەتلەر گويا ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ ئىش كۆرەتتى. شۇنىڭدەك بۇ دەۋردە ئاساسەن پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئالغان ئىدى. كوچىدا كىشىلەر خەجلەۋاتقان پۇلنى تېخى تونۇپ يەتمەيلا يەنە يېڭى

پۇل تارقىتىلاتتى. بۈگۈن بىر مىليونلۇق دەپ بىر خىل پۇلنى خەجلىگەن بولسا ئەتىسى 10 مىليونلۇق، 100 مىليونلۇق دەيدىغان يەنە بىر خىل پۇلنى خەجلەيتتى. ئومۇمەن شۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ياستۇقتەك بىر باغلام پۇلنى كۆتىرىپ چىقىپ بىر باغ سەرەڭگە ئالالمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا قالغان ئىدى. بىر خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ قاچىلانغان پاخال پۇلغا بىر باغلام تارشا گۈگۈت كەلمىگەنلىكتىن گۈگۈتنىڭ ئورنىغا پاخال پۇلنى كۆيدۈرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدا باستۇرۇپ كەلگەن ئالتۇن دوللار (گۈەنجىن ـ دەپ ئاتالغان قەغەزى ئىسىل قىزىل رەڭلىك تىزا) نىڭمۇ كۈرسى چۈشۈپ پاخاللاشقاندىن كېيىن دوپپىكەشلەر دوپپىغا پىلتە قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىيانەتچىلىك تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئەۋج ئالغان ئىدى:

1 ـ باجخانىنىڭ يىللىق باج كىرىمىنى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇش ئارىلىقىدا يەرلىك ئىدارە باشلىقلىرى قەرز ئېلىپ ئۇ پۇلغا مال سېتىۋېلىپ بېسىپ قويۇپ بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئازغىنە مالنى سېتىپ دەپتەردىكى پۇل سانىنى تولدۇرۇش ئارقىلىق خىيانەت قىلاتتى.

2 ـ بانكىدىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق خىيانەت قىلىش. ئىدارە باشلىقلىرى بانكا مۇدىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ بانكىدىن كۆپلەپ پۇل قەرز ئېلىۋالاتتى. بۇ پۇلغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بازىرى چاپسان ماللارنى ئېلىۋالاتتى. بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىدە 10 سەر ئالتۇن سېتىۋالغىلى بولغان پۇلنى بىر سەر ئالتۇننىڭ پۇلى بىلەن تۆلەپ تۈگىتەتتى.



يۇقۇرقى ئىككى ئۇسۇل بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا ئومۇمى يۈزلۈك ئەۋج ئالغان باي بولۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ئۇلار بىلەن شېرىكەتچىلىگى بولغان تىجارەتچىلەر پۇل پاخاللىقىدىن پايدىلىنىپ جىق باي بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت مالىيىسى زىيان تارتىپ شەخسىلەر پايدا كۆرەتتى.

3 ـ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋالىلار، ھاكىملار ھەر قايسى يۇرتنىڭ بەگلىك ئەمىلىنى پۇلغا باھالاپ ساتاتتى. بولۇپمۇ خوتەن تەرەپلەردە بۇنداق رەزىل ئويۇنلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوينالغان ئىدى.

4 ـ گومىنداڭ ھەربىلىرىنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن جەنۇپتىن شىمالغا ئاشلىق يۆتكەش مەسىلىسى ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلىپ بايلىق توپلىشىغا ئېچىلغان بىر يوچۇق ئىدى. مەسىلەن: ئاقسۇدا، بىر دىخانغا مىڭ جىڭ ئاشلىقنى بۈگۈرگە يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى (ئالۋىڭى) يۈكلەنسە مەزكۇر دىخان ئۆزىنىڭ كالا ھارۋىسى بىلەن مىڭ جىڭ ئاشلىق سەرپ قىلىپ بۈگۈرگە يەتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ دىخاننىڭ بىر ئايدەك ۋاقتى كەتكەندىن تاشقىرى كالىلىرى ئۆلۈپ كېتىش. ھارۋىسى كېرەكتىن چىقىشتەك زىيانلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئاقسۇغا مىليون جىڭ ئاشلىقنى بۈگۈرگە يۆتكەش ئالۋىڭى چۈشكەن بولسا، بۇ ئالۋاڭدا مىڭلىغان دىخان ئائىلىلىرى ۋەيران بولۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا بۈگۈر ھاكىمى، مالىيە ـ ساڭ خادىملىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، بۈگۈردىكى ئاشلىق باھاسىنى ئاساس قىلىپ قىممەت باھادا «×× جىڭ ئاشلىق تاپشۇردى» دىگەن قۇرۇق قەغەزنى سا-

تاتتى. بۇ قەغەزنى ئالغان كىشىلەر ئاقسۇغا ئاپىرىپ نەچچە ھەسسە يۇقۇرى باھادا ئاقسۇ دىخانلىرىغا ساتاتتى. ئۇنىڭدىن كىرىم قىلغان پۇلنىڭ ئاز قىسمىغا بۇغۇردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېتىپ پايدىنى ئۆزلىرى بۆلىشىۋالاتتى. بۇنداق خىيانەت قىلىش ئىشلىرى ئاقسۇ بىلەن بۇغۇر ئارىلىقىدىلا بولماستىن، كۇچار بىلەن قارا شەھەر، كورلا بىلەن تۇرپان ئارىلىقلىرىدىمۇ بولاتتى.

ئومۇمەن ئازاتلىقتىن ئىلگىرىدىكى ھەر قايسى دەۋرلەردە خىيانەتچىلىك كەڭ ئەۋج ئالغان بىر خىل ئاپەت ئىدى. ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر قانداق يوچۇقلاردىن پايدىلانغان ئەمەلدارلار، بەگ، شاڭيولار خەلقنى، دىخانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىپ پارە يەپ، ئۆزلىرىگە بايلىق توپلايتتى، خەلقنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايتتى.



# يولۋاس قانداق ئادەم؟

ئىمىنوپ ئېلاخۇن

يولۋاسنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا كىشىلەر ھەر خىل باھا بېرىشىدۇ، بەزىلەر يولۋاسنى شىنجاڭدىن سودىگەرچىلىك بىلەن ئىچكىرىگە بارغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سېتىۋېلىپ كەلگەن خەنزۇ بالىسى دىسە، يەنە بەزىلەر يولۋاسنىڭ ئاتىسى خەنزۇ، ئانىسى ئۇيغۇر دەيدۇ، يەنە بىر رىۋايەتتە قەيەردىندۇ قۇمۇلغا كېلىپ قالغان مىللىتى ئېنىق ئەمەس بىر ئادەم، ئۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىلنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئوردىسىدا تەرجىمان قىلىپ ئىشلەتكەن دىيىشىدۇ.

يولۋاس مارالۋېشى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر بالىسى. ھوشۇر مىراپ دىگەن كىشىنىڭ جىنەستىخان ئىسىملىك بىرلا قىزى بولۇپ، ئوغۇل بالىسى بولمىغاچقا، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ كىشى بىر كۈنى سەھەردە مەسچىتكە كېتىۋېتىپ يولدا بىر بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا يېڭىلا تۇغۇلغان بىر ئوغۇل بالا ئىكەن، ھوشۇر مىراپ خۇدايىم بەردى دەپ، بالىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا «يولدا بارس» دىگەن ئىسىمنى قويىدۇ (يول ئۈستىدىن تېپىلغان بالا دىمەكچى). بۇ ئىسىم ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن

يولۋاسقا ئۆزگەردى. يولۋاس 5 ياشقا كىرگەندە، ھوشۇر مىراپنىڭ قىزى جىنەستىخاننى قەشقەرنىڭ خەنزۇ ۋالىسى زورلۇقچە نىكاھىغا ئالىدۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئاتا-ئانىلار كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، يېتىم قالغان يولۋاس ۋە ئۆگەي ئاچىسى جىنەستىخان خەنزۇ ۋالىنىڭ قولىدا قالىدۇ. بۇ ۋالى شۇ چاغدا ئۇلۇغچات، تاشقورغان تەرەپلەردىكى بىر قىسىم زېمىننى رۇسىيە زېمىنىغا قوشۇپ بېرىۋەتكەنلىگى ئۈچۈن گۇناغا تارتىلىپ بېيجىڭغا چاقىرتىلىدۇ، ۋالى نۇرغۇن مال-مۈلۈك، بايلىقلارنى ۋە جىنەستىخان بىلەن يولۋاسنى ئېلىپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، خان، بۇ ۋالىنى قولغا ئېلىپ پۈتۈن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. جىنەستىخان بىلەن يولۋاس بېيجىڭدە پاناسىز قېلىپ ئىككى يىل تىلەمچىلىك بىلەن ئاچ-زارلىقتا تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 3-يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت خانغا سالام بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جىنەستىخان بىلەن يولۋاس، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كاتىۋى خوجىنىياز بەككە دەرت ئېيتىپ، ئىلتىپات قىلىپ بىزنى قۇمۇلغا ئالغاچ كەتسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر ئامال قىلىپ يۇرتىمىزغا بېرىۋالساق، ئۆلۈگىمىز بۇ يەردە قالمىسا دەپ ئىلتىماس قىلىشىدۇ. خوجىنىياز بەگ بۇ ئەھۋالنى شامەخسۇت ۋاڭغا يەتكۈزىدۇ. ۋاڭ دىنى مەسلىھەتچىسى يۇنۇس ئەلەم ئاخۇنىدىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورايدۇ، ئەلەم ئاخۇنۇم بۇلار مۇساپىرلار ئىكەن، قۇمۇلغا ئالغاچ كەتسەك ئۇنىڭ ساۋابى چوڭ بولىدۇ دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭ ئۇلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىش-



كە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما يول ئۈستىدە ھەر بىر ھارۋىغا 3-4 كىشى بىللە ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرلا جىنەستىخان بولغاچقا ئەرلەر بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرسا نامەھرەم بولىدۇ دەپ قاراپ، بىرسىگە نىكا قىلىپ قويۇشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ تەرجىمانى ھىزىت قېزىغا نىكالاپ قويغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ھىزىت قېزىنىڭ چوڭ خوتۇنى كۈندەشلىك قىلىپ جېدەل قىلغاچقا ئۇلار ئاجرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جىنەستىخان پۈجۈڭ خېنىمغا خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىن ئۇنى ۋاڭنىڭ تۇققىنى ئىبراھىم بەككە نىكالاپ قويىدۇ. يولۋاس 5 يېشىدىن باشلاپ خەنزۇ ئائىلىسىدە ئۆسكەنلىگى ۋە بېيجىڭدە بىر نەچچە يىل تۇرغانلىقتىن خەنزۇ تىلىنى ياخشى سۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ ھەمدە قوشۇمچە ئۈرۈمچى جاڭجۇنىنىڭ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىدىغان مۇئاش، خىراجەت پۇللىرىنى باشقۇرىدۇ. يولۋاسنىڭ خىزمىتى شامەخسۇت ۋاڭغا ياراپ قالغانلىقتىن ۋاڭ ئۇنىڭغا بازار بېگى، سىياسى قازىلىق ئەمەللىرىنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يولۋاسنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە كۆتۈرۈلىدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق لۈيجاڭ يولۋاسنى باۋئەن داۋيگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدۇ، داۋيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى يولۋاس ئۆزى قوشۇمچە باشقۇرىدۇ، شۇ چاغلاردا ئارا تۈرۈك، شۇپۇل، نوم قاتارلىق جايلاردا ئابدۇنىياز مىراپ، سالى دورغا باشچىلىقىدا دىخانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى، بۇنىڭدىن خەۋەر

تاپقان يولۋاس قوزغولاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن سالى دورغىنى
قولغا ئالماقچى بولۇپ يار دورغا باشچىلىقىدا بىر قانچە كىشىـ
نى شۇپۇلغا ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە
ئاشمايدۇ، ئەكسىنچە، قوزغولاڭ پارتلاپ قوزغولاڭچىلار قۇمۇل
شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يولۋاس ۋە لۈيجاڭ قاتارلىق بىر
قانچە خەنزۇ ئەمەلدارلار مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ، لۈيجاڭ
قوزغولاڭچىلار بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن، يولۋاسنى ئەلچىلىكـ
كە چىقىرىدۇ، قوزغولاڭچىلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ يولـ
ۋاسنى تۇتۇۋېلىپ ماجۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ماجۇڭيىڭ يولـ
ۋاسنى سوراق قىلغاندا، يولۋاس ماجۇڭيىڭغا ساداقەت بىلدۇرۇپ
لۈيجاڭنىڭ بارلىق ھەربى كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرى توغرىسىدا تولۇق
مەلۇمات بېرىپ، خىزمەت كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭـ
نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇپ، مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىنىدۇ،
كېيىن ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇـ
زۇلگەندە، ماجۇڭيىڭ يولۋاسقا بىر قىسىم ئالتۇن، كۈمۈش ۋە
مال ـ مۈلۈك بېرىپ ئۆزى ئەنشىگە قايتىپ كېتىدۇ، يولۋاس
بۇ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مال ـ مۈلۈكنى تاغلاردىكى دورغىلارغا
سوغا قىلىپ خوجىنىياز ھاجىغا قارشى ھەركەت قىلىشقا قۇتراتـ
قۇلۇق قىلىش ئۈچۈن، قورايغا كېلىپ 200 دىن ئارتۇق ئەسـ
كەر توپلايدۇ، بۇ ئەھۋالدىن خوجىنىياز ھاجى خەۋەر تېپىپ،
دەرھال قورايغا بىر قانچە يۈز ئەسكەر ئەۋەتىپ يولۋاسنى
تۇتۇپ كېلىپ، قاماققا ئالىدۇ. كېيىن ئۇنى ئېتىۋېتىش ھەققىـ
دە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، لېكىن يولۋاس خوجىنىياز ھاجىنىڭ
ئالدىدا يالغاندىن تۆۋا قىلغان بولۇپ، گۇنايىنى تىلىگەنلىكى
ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىنىڭ رەھمى كېلىپ، گۇنايىدىن ئۆتۈپ



ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ، يولۋاس خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىر مەزـ
گىل ئىتتىپاقلىشىپ ئۆتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تاراتىمدا
ئۆتكۈزگەن ھەربى كۆرەك مۇراسىمىدا يولۋاس خوجىنىياز ھاجىغا
ساداقەت بىلدۈرۈپ، ئالاھىدە سۆز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ سۆزى بىلەن نىيىتى ئوخشىمىغاچقا ئۇ يەنە قورايغا
قايتىپ بېرىپ، 200 گە يېقىن ئەسكەر توپلاپ، قادىر ھاجى
قاتارلىق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئەسكەرلىرىگە كىيىم ـ
كېچەك تىكتۈرۈپ كەيدۈرۈپ ئالاھىدە بولىۋېلىپ، قوراي ئەتـ
راپىدىكى تاغلىق خەلقلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ، شۇنداقلا قۇمۇل
قوزغولاڭچىلىرى ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىپ، قوزغولاڭـ
چىلارنى ئاخىرى يولۋاس گۇرۇھى، بېشىر ۋاڭ گۇرۇھى، خوجىـ
نىياز گۇرۇھى قاتارلىق گۇرۇھلارغا بۆلىۋېتىدۇ، شۇ چاغدا
تاشقى موڭغۇلىيىدىن ۋەكىللەر كېلىدۇ، يولۋاس بۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، قوزغولاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا
ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ، لېكىن ئۇ، ئۆز مۇددىئاسىغا ئېرىـ
شەلمىگەنلىكتىن، قۇمۇلنى تاشلاپ ئەنشىگە كېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. ئۇ، ئەنشىگە بېرىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىدۇ.
شۇنداقلا ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ،
ئەمما ما جۇڭيىڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلماي، يولۋاسنىڭ ئۆزىـ
نى قارا شەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەلـ
لەپ كېلىش ئۈچۈن، 30 ئادەم بىلەن يولغا سالىدۇ. بۇلار
چاقىلىق يولى بىلەن كېلىۋېتىپ مامۇت سىجاڭ ئەۋەتكەن
موسۇل ھاجى باشلىق 20 نەپەر ۋەكىل بىلەن ئۇچرۇشۇپ
قېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ،
بۇ ۋەكىللەر ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى شىنجاڭغا

چىقىشقا ماقۇل كەلتۈرگەندىن كېيىن، يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، قاتناش ۋاستىلىرىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شىڭشىڭشادا سودىگەرلەرنىڭ 400 تۆگىسىنى بۇلاپ ما جۇڭيىڭغا تاپشۇردى. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىقىپ، يولۋاسقا تۇرپاننىڭ چىڭفاڭ سىلىڭلىق مەنسۇپنى بەردى، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس ما جۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تۇرپاننى تاشلاپ قۇمۇلغا كېلىۋالدى، يولۋاس قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن كۈنى بېشىر ۋاڭ ھاراق ـ شاراپ ئىچىپ مەستلىكتە پەيدايى بەگنى ئۆلتۈرۈش خىيالى بىلەن بەنت بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېشىر ۋاڭنىڭ پۈتۈن ھەربى قورال ـ جابدۇقلىرىنى ئۆز قولىغا چۈشۈرۈۋالدى ھەمدە قۇمۇل يېڭىشەھەردىكى ھەربى باشلىق خۇيزۇ لى گەندىنى زىياپەتكە چاقىرىش يولى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، قورال ـ جابدۇقلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي يولۋاسنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ ھاكىملىق مەنسۇپنى بېرىش بىلەن تەڭ قۇمۇلدا تۇرۇش ئۈچۈن بىر دىۋىزىيە ئەسكەر ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يولۋاس ئۇلار يەتتە قۇدۇققا يېتىپ كېلە ـ كەلمەستىن بارىكۆللىك قازاقلاردىن بىر نەچچە يۈز ئەسكەر ئېلىپ ئۇلارنى قۇمۇلنىڭ لەنگەر دىگەن يېرىدە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىنى يەتتە قۇدۇققا ئەۋەتتى ھەمدە شېڭ شىسەيگە: «سەن قۇمۇلغا ئەسكەر ئەۋەتىپسەن، بۇنىڭغا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر، قازاق خەلقى نارازى، بىز سېنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىشىڭگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭنى



توسۇش ئۈچۈن يەتتە قۇدۇققا كەتتى» دەپ تېلېگىرامما ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، بۇرھان ئەپەندى، يارى قارى ۋە يەنە بىر ئورۇسنى يولۋاس بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ يولۋاسقا قۇمۇلنىڭ جىڭبى سىلىڭلىق (گارنىزون قوماندانلىق) مەنسۇپنى بەرگەنلىك بۇيرۇغىنى تاپشۇردى، شۇنداقلا نۇرغۇن ھەربى ئىنئام سوغا قىلدى. (شىنجاڭ تارىخى ماتىرىياللىرىنىڭ 6 ـ سانىدا ليۇيۇڭلىنىنىڭ يولۋاسنىڭ قۇمۇل گارنىزون قوماندانلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى دىگەن ماقالىسىدا ئوچۇق كۆرسىتىلدى)، شۇنىڭ بىلەن يولۋاس قۇمۇلغا ئىككى يېرىم يىل گارنىزون قوماندانى بولدى. كېيىن، شېڭ شىسەي قۇمۇل چېگرىسىنى ساقلاش باھانىسى بىلەن ئىككى پولك ئەسكەر ئەۋەتتى. يولۋاس ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزىدىن ئەنسىرەپ شۇ يىلى، يەنى 1936 ـ يىلى چۆچەكگە قېچىپ كەتتى. ۋۇجۇڭشىن باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ قۇمۇلغا ۋالى بولدى. ئۇ، گومىنداڭغا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىگىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە جامائەت پىكرى توپلاش مەقسىدىدە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاجرىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن قۇمۇلغا قايتىپ كەتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى. شۇنىڭ بىلەن يولۋاسنىڭ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن 1950 - يىلى 1 - ئايدا يۇقۇرى قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 5 - كورپۇس (سابىق مىللى ئارمىيە) دىن بىر باتالىيون (يىڭ) ئەسكەرنى باشلاپ قومۇلغا باردۇق. بىزنىڭ باتالىيونىمىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 6 - كورپۇسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 16 - دىۋىزىيە داڭۋېيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئۆتىدى.

بىزنىڭ باتالىيونىمىز ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا ئايروپىلان بىلەن باردى. بىز قومۇلغا يېتىپ بارغان چاغدا، يولۋاس قومۇلنىڭ ۋالىسى ئىكەن. ئۇ بىزنى ئايرودرومغا 16 - دىۋىزىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كۈتۈۋالدى، باتالىيونىمىز قومۇل ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى جۇڭشەنتاڭغا ئورۇنلاشتى.

بىز قومۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى ئىنقىلاۋىي زىيالىي ياشلار، مويسىپىتلەر قومۇلنىڭ جەمىيەت ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ يولۋاسنىڭ تەرجىمە ھالى بىلەن ئۇنىڭ 1931 - يىلدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن تارتىپ ئازاتلىققا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ساختا قىياپىتىنى ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى تونۇشتۇردى.

بىز قومۇلغا يېتىپ بېرىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن يولۋاس بىز بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى سۆزى: گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن تىنچلىق بىتىم تۈزگەن چاغدا، ئەخمەتجان ئەپەندى گېزىتتە «قومۇلنى كىم سورايدۇ؟» دېگەن ماقالە يېزىپ مېنى تەنقىت قىلدى. ئەخمەتجان ئەپەندى 1947 - يىلى ئىچكىرىگە ماڭغاندا، مەن ئۇنى قومۇل ئايرودرومدا كۈتۈۋېلىپ ياخشى مۇئامىلە قىلغان



ئىدىم، قانداقتۇ بىلمىدىم، كىشىلەر مېنى ئەخمەتجان ئەپەندىگە يامانلاپ بەرگەن ئوخشايدۇ، قومۇلنى مەن سورايمەن دېگەن گەپنىمۇ قىلمىغان ئىدىم، مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قوللاپ كەلگەن، دەپ يالغان ئېيتىپ قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا: «سىز بۇندىن كېيىن گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىگە ئوبدان ئىتائەت قىلىپ، ياخشى ئىشلەپ خىزمەت كۆرسىتىشىڭىز لازىم» دېسەم، ئۇ، «ۋاي شۇنداق قىلمامدىغان، ئازاتلىق ئارمىيە قومۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ ئورۇنلاشتۇردۇم، شىمالغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغانلارنى يولغا سېلىش خىزمىتىنى كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئىشلىدىم» دەپ ئۆزىنى ماختاپ كەتتى.

يولۋاسنىڭ تەرجىمەھالىنى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئاز - تولا ئىگەللىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشقا قىزىقاتتىم، بىز بىر كۈنى ئۇچراشقان چاغدا ئۇ، ئۆزىچىلا قومۇل قوزغىلىڭىدىن سۆز ئېچىپ قالدى. سۆز ئارىلىقىدا مەن ئۇنىڭ قايسى يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا ئۇ تۇرۇپ قېلىۋىراق «مېنى كىشىلەر نىمە دىسە دەۋەسۇن، مەن قەشقەر مارالۋېشىدىن، ئۇيغۇر» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن سىلە قومۇلغا قانداق كېلىپ قالغان دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا سۆزنى باشقا تەرەپكە بۇراپ سوئالىمغا جاۋاپ بېرىشتىن باش تارتتى.

يولۋاس ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە شىنجاڭغا كەلگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قومۇلدىن ئۆتكەن ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىدىنى يوشۇرۇپ، ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئازاتلىق ئارمىيىنى ئوزۇق - تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلەش

جەھەتلەردە بىر قەدەر ئاكتىپ ئىشلىگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا قۇراللىق توپىلاڭ كۆتىرىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق دېخان، چارۋىچىلىرى ئىچىدە ئىغۋا تارقىتىپ، خەلقنى پارتىيىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا قۇترىتىدۇ. بەيتىك تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەن باندىت ئوسمان، جانىمقانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شۇنداقلا ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللاغا توپىلاڭ كۆتىرىش توغرىسىدا پىلان كۆرسىتىپ تەييارلىق قىلدۇرىدۇ.

يولۋاس 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (جۈمە كۈنى) توغۇچىدىكى كارىزغا چىقىپ كىرىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، توغۇچىغا چىققاندىن كېيىن قۇمۇلدىن چۈشۈپ چىققان ئىككى كىچىك ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنى بۇلاپ بالا ـ چاقىلىرى ۋە بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن بارىكۆل تاغلىرىغا قېچىپ چىقىۋالىدۇ.

يولۋاس تاققا قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئارا تۇرۇكتىكى گومىنداڭنىڭ قورچاق ئەكسىيەتچى شەنجاڭى ئەبەيدۇللا قاتارلىق باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭنىڭ بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بارىكۆلدىكى 46 ـ تۈەنىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى 2 ـ روتىسىغا (لیەن) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئالاقە تېلىفون سىملارنى ئۈزۈپ تاشلاپ بۇ لیەننى قورشىۋالىدۇ. ناھىيىنىڭ ئىچىدىكى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى مەجبۇرى تاققا ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. دۈشمەن مۇھاسىرىسى ئىچىدە 40 كۈن كۆرەش قىلغان بۇ قەيسەر لیەن، دۈشمەننىڭ



بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا قايتارما زەربە بېرىپ، ئۆز كۈچىنى چىقىمسىز ساقلاپ قالىدۇ.

1950 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ 46 ـ تۈەنى ۋە بىزنىڭ 3 ـ باتالىيونىمىز ئاراتۇرۇككە بېرىپ دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 2 ـ لیەن ۋە تاققا مەجبۇرى قوغلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن خەلقلەرنى ئازات قىلىپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى باندىتلارنى يوقىتىپ ناھىيىنىڭ ئامانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

باندىت يولۋاسقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭ بىر قانچە ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئادىمى تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ خەنزۇ ئايالىمۇ ئەسىرگە ئېلىندى، يەنە بىر قىسىم ئادىمى جەڭدە ئۆلۈپ كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇ جېنىنى ئالىدىغان پانا جاي تاپالماي قۇتۇبىدىكى گومىنداڭ قورچاق قوشۇنىدىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم قاچاقلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئازغىنە ئادىمىنى باشلاپ ئوغلى (قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى) ياقۇپ بەگ بىلەن شىزاڭ ئارقىلىق چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

# قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا ئەسلىمىلىرىم

سوپاخۇن سۇۋۇروۋ

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت 1928 - يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم باشقا يۇقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەر شامەخسۇتنىڭ جىنازىسىنى ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق ئۇزىتىشنى پىلانلىدى.

تاۋۇتنىڭ ئالدىدا: پوتىلاقلىرىدىن ئايرىپ، ئۈستىگە ئاق يۇپۇق يېپىلىپ زىلچە خۇرجۇن ئارتىلغان تۆت تۆگە؛ قۇلۇنلىرىدىن ئايرىپ ئۈستىگە ئاق يۇپۇق يېپىلغان، ئىگەر - يۈگەنلىرىگىچە ئاق ئورىغان تۆت ئات (بايتال)؛ ئوغلاقلىرىدىن ئايرىپ ئاق يۇپۇق يېپىلغان تۆت ئۆشكە؛ قوزىسىدىن ئايرىپ ئاق يۇپۇق يېپىلغان تۆت قوي قاتارلىق ھازىچى ھايۋانلارنى تىزىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنى ئاق كىيىم كەيگەن بىردىن ئادەم يېتەكلەپ ماڭغان ئىدى.

تۆگىلەرگە مىنىۋالغان ئاق كىيىملىك بەگلەر قۇمۇلنىڭ ئادىتى بويىچە 2 دىن يارماق (مىس پۇل) چىگىلگەن ئاق، قىزىل، كۆك، قارا تۆگۈنچەكلەرنى يول بويى چېچىپ ماڭدى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قوي - ئۆشكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ھازىچىلارنىڭ «ۋاي غوجام، ۋاي ئۇلۇغ



غوجام» دەپ يىغلىغان ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ داغدۇغىلىق ماتەم زىلزىلىسى شەكىللىنەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا توغ - ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ تۇرغان ئەسكەرلەر، تاۋۇت ئالدىغا كەلگەندە كاناي - دۇمباقلىرىنى چېلىپ ماتەم كۈيىنى ياڭرىتاتتى.

شۇ ئىشلار بولۇپ ئىككى - ئۈچ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن 1931 - يىلى 2 - ئايلاردا قۇمۇل تاغلىرىدىكى دىخان - چارۋىچىلار خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىقتى. بۇ قوزغىلاڭ بۈيۈك ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك ناھايىتى چاپسانلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. مەن شۇ دەۋرلەردە 10 نەچچە ياشلىق بالا بولساممۇ، لېكىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھەقتە قىسقىچە ئەسلىمە يېزىپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. يېتەرسىز جايلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

## 1

1931 - يىلنىڭ باشلىرىدا جىن شۇرېننىڭ تۇققىنى جاڭگوخۇا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ شوپۇل دىگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ جاي شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگىرىسىدىكى چازا بولۇپ باج كىرىمى ناھايىتى جىق ئورۇن ئىدى. جاڭ گوخۇا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بىر ئۇيغۇر قىزىنى ئالىمەن دەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا زورلۇق قىلىدۇ. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەندە خەلق تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

شۇ كۈنلەردە ئابدۇنىياز مىراپ، سالىھ دورغا، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى قوزغولاڭ باشلىماقچى بولۇپ، 1931 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەسلىھەتلىشىپ جاڭگوخۇاغا قىزنى بەرمەكچى بولىدۇ ۋە توي مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغولاڭنى باشلاش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىدۇ. توينى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قىلماقچى بولىدۇ، توي ئاخشىمى جاڭگوخۇا خوشاللىقىدا ھېچنىمىدىن شەكلەنمەستىن 33 نەپەر قوراللىق ئەسكىرى بىلەن كېلىدۇ. ئۇنى كەچقۇرۇنلۇقى قىز ھوجرىسىغا باشلايدۇ. قىز ھوجرىسىدا قىزچە كىيىندۈرۈپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىمىن ئىسىملىك يىگىت، جاڭگوخۇا ھوجرىغا كىرىش بىلەنلا قۇچاغلاپ تۇتۇۋېلىپ جايلاپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا تاشقىرىدا تەييار تۇرغان يىگىتلەر جاڭگوخۇانىڭ 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەرلىرىنى جايلاپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تۈگەل تارتىۋالىدۇ ھەمدە قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قورغاننى ساقلاۋاتقان 100 دىن ئارتۇق چېرىكنى يوقىتىپ ئۇلارنىڭمۇ قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالىھ دورغا، ئابدۇنىياز مىراپ، باقىنىياز دورغا، خوجىنىياز ھاجى، قاسىم پالۋان، يەھيا ئىمام، ئىبراھىم قۇرماللار يېتەكچىلىكىدە قوزغولاڭ باشلىنىدۇ.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئۈچ ناھىيىنىڭ دېخان ـ چارۋىچىلىرى تەۋرەپ كەينى ـ كەينىدىن ئاۋاز قوشۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتىرىلدى، ئۇ چاغدا قومۇلنىڭ ھەربى سىجاڭى ليۇشىزىڭ ئىدى. ئۇ قوزغولاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولۋاسنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن چىقاردى. بىراق بۇ ئەسكەر-



لەردىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېلەلىگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. مۇتلەق كۆپچىلىكى قوزغولاڭچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. قوزغولاڭچى دېخانلار بولسا ئۇلارنىڭ قوراللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇردى. ئىنقىلاپچىلارنىڭ تۆۋەندىكى قوشاقلىرى مانا شۇ جەڭلەرنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ:

سايلار ئارا چېرىك چىقتى،
ئەلىمىنى دىڭگايتىپ.
چەللەپ ئاتتۇق، دۈشمەن قاچتى،
موزىسىنى قىڭغايتىپ.

چىقىپ كەلگەن چېرىكلەر،
ئارىلاپ ئاتتى تاغ ـ تاشنى.
تاغچىلار يامان ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جۇنچاڭنى①،

قوزغولاڭچىلارنى باستۇرۇشقا بىر قانچە قېتىم چىققان چېرىكلەرنىڭ قايتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ليۇ شىزىڭ بىلەن يولۋاس پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار تاقىتى ئەسكەر چىقارسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ، قومۇلنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۆتتى.

بۇ چاغدا 12 تاغ دېخان ـ چارۋىچىلىرى قوزغىلىپ پىچاق، نەيزە، قارا مىلتىق، كالتەك، توخماق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدىغان كىشى بولمىغاچقا ھەممىسى ئۆز ئالدىغا

①جۇنچاڭ ـ قورال ـ ياراق.

هەركەت قىلاتتى.

خوجىنىياز ھاجى ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنى ھەممىدە بۇرۇن ۋاڭغا ئەسكەر بولغان پالۋانلارنى يىغىپ تەشكىللىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لىيۇشىزىڭ بىلەن يىڭجاڭ (باتالىيون) جىڭ ئەن بىر يىڭ قۇراللىق ئەسكەرنى باشلاپ، قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۇشۇتى داۋىنىغا يۈرۈش قىلدى، كۇشۇتى داۋىنى 3 ناھىيىنىڭ يولىنى كونترول قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، سالىھ دورغىنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق ئادەملىرىنى كۇشۇتى جىلغىسىدا تۇرۇشقا بەلگىلەپ، ئۆزى بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ سالىھ دورغىغا ماسلىشىپ، ئالدى-كەينىدىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جىڭ ئەن باشچىلىقىدىكى بىر يىڭ ئادەمنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. بۇ جەڭ ھەققىدە خەلق تەرىپىدىن مانا مۇنداق قوشاق توقۇلغان:

خويما كاتتا جەڭ بولدى،
كۇشۇتى دېگەن جايدا.
جىڭ ئەن باشلىق چېرىكلەر،
تامام ئۆلدى شۇ جەڭدە.

چېرىك ئاتىدۇ ئوقنى،
قۇرۇق تاغنىڭ بېشىغا.
تاغچى پالۋان ئاتىدۇ،
چېرىكلەرنىڭ بېشىغا.



بۇ جەڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار بىر تۈركۈم قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىمەت ئېلىپ تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ غەلىبىنى كۆرگەن دېخان-چارۋىچىلاردىن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدىغانلار كۆپىيىپ كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنى تەشكىللەپ بىرلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قۇمۇل دېخانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاتاغلىق رەھبىرى بولۇپ قالدى. تەشكىللەنگەن بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە قۇمۇل خەلقى ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق قوشاقلارنى توقىغان:

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
پوتۇتى ① دېگەن تاغ بار.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
جۇنچاڭ ئالغان ئەرلەر بار.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئاتا-ئانام بولۇر رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،
قالغانلار تامام غازى.

بۇ ئىنقىلاپ بىر يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ قۇمۇلدىكى 12 تاغ 5 شەھەرنى (قۇمۇلدا سۇمقاغا، ئاستانا، تۇغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىقلار

① پوتۇتى — تەبىئىي قورغانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىستراتېگىيىلىك جاي ئىدى.

شەھەر دەپ ئاتىلاتتى) زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالدىن چۆچىگەن جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن چوڭ قوشۇن ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەنپەن قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتتى. تەنپەن ۋەكىللىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تاراتىغا كەلدى. ۋەكىللەرنى بىز ئۇ چاغدا ۋېيىۋەن دەيتتۇق، مېنىڭ چوڭ ھەدەمنىڭ يولدىشى موللاخۇن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، ۋەكىللەر بىلەن ھاجىم ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنى ئاخشاملىرى بىزگە پاراڭ سېلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەر روزى ھاجى، ناسىربەك ۋە بىر قانچە خەنزۇلار ئىكەن. خوجىنىياز ھاجىنىڭ پوزىتسىيىسى قەتئىي بولۇپ، مۇرەسسەنى رەت قىلىدىكەن. باشقا دورغىلار (ئەسكەر باشلىقلىرى) ئاستىرتىن قوشۇلۇشنى خالىسىمۇ، لېكىن ھاجىمدىن تەپ تارتىپ ئوچۇق-ئاشكارا بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن. ھاجىمنىڭ تەلىۋى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قۇمۇلدىن قايتۇرۇپ كېتىش، قۇمۇلنىڭ ئامانلىقىنى يەرلىك مىللىي قوشۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىم بۇ شەرتىدە چىڭ تۇرىدۇ، شۇنداقلا جىن شۇرېنمۇ بۇ شەرتكە كۆنمەيدۇ.

نەتىجىدە تەنپەن بۇزۇلۇپ ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭىيىشكە باشلايدۇ.



## 2

خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرى بىر قانچە قېتىملىق سوقۇشلاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئارمىيىسى ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا چوڭ توسالغۇ ۋە تەھدىت ئىدى. چۈنكى ئىنقىلاپچىلار يېڭىدىن تەشكىللەنگەن، ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال-ياراقلىرى ناچار، ئوق دورىلىرى يېتەرسىز ئىدى (بەزى ئىنقىلاپچىلار ئوق-دورىنى ئۆزلىرى ياساپ ئىشلىتەتتى). بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇننى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىش ياكى باشقا بىر چوڭ كۈچكە يۆلىنىش كېرەك ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى مانا مۇشۇ مەقسەت بىلەن سالىھ دورغا، ئوسمان باي ۋە يولۋاسلارنى بىر قانچە ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە گەنسۇغا ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى (ئىنقىلاپچىلار تاغدىكى كۈشۈتى داۋىنىدا بىر يىلك ئەسكەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، شامالغا قاراپ ئىش قىلىدىغان يولۋاس، ئىنقىلاپچىلارنىڭ كۈچەيگىنىنى كۆرۈپ تاققا قېچىپ چىقىپ ئۇلارغا قوشۇلغان ئىدى). بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئەترابلىرىدا باندىتلىق قىلىپ يۈرگەن، مابۇفاڭ بولسا ئۇنى يوقىتالماي يۈرگەن ئىدى. مانا شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى گەنسۇغا باردى. ماجۇڭيىڭ بولسا بۇنى شىنجاڭغا چىقىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ئالدى بىلەن تەخمىنەن 200 دەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن چىقتى.

بۇ چاغدا قوزغولاڭچىلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى خوجى-

نىيار ھاجى باشچىلىغىدا تاغدىن چۈشۈپ قۇمۇل شەھرىنى قورشاپ قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى. شىڭشىڭشانى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر قۇمۇل شەھرىگە قايتىپ، سوقۇشۇۋاتقان چېرىكلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى. قوزغۇلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، ئۇلارنى بۇلۇڭ توغراقنىڭ (قۇمۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە) قارمۇقچا دىگەن يېرىدە توساپ قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. مانا شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن 200 ئاتلىق ئەسكىرى كەلدى. ئۇلار ھاجىمنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن شىڭشىڭشادىن كېلىۋاتقان چېرىكلەر بىلەن سوقۇشتى (بۇ سوقۇشتا قۇمۇلنىڭ داڭلىق پالۋانى قاسىم مەرگەن ئۆلگەن ئىدى). نەتىجىدە چېرىكلەر تار-مار قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سىپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى.

ماجۇڭيىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا يۇرت چوڭلىرى ئالدىغا چىقىپ چاچاڭ قۇرۇپ قارشى ئالدى (بۇ مېنىڭ دىنى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بارغان ئىدىم). ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) ياش بالا ئىدى. ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى. يۇرت چوڭلىرى ئېلىپ بارغان سوغا-سالاملىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دۇئا قىلىپ ئالدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسمايىل باي (ئىسمايىل داتۇ) نىڭ جاڭزىسىغا چۈشتى، چۈشۈش بىلەن تەڭلا بىر تەرەپتىن ھويلا، باغ، خامانلارنىڭ ۋە ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنىڭ تاملىرىنى مىلتىق ئېتىش ئۈچۈن تىشىپ مۇداپىئەگە



تەييارلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن لوچېڭ (كونىشەھەر)، شىنچېڭ (يېڭىشەھەر) لەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ئىككى شەھەر ئەتراپىدا ئاساسەن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار ئىدى. قۇمۇلدىكى جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مانا مۇشۇ ئىككى شەھەردىكى قورغان ئىچىگە قامىلىپ قالدى. بۇ قورغانلار بىلەن ئىسمايىل باينىڭ جاڭزىسىنىڭ ئارىلىغى 10-15 كىلومېتىر كېلەتتى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ شەھەرلەرنىڭ سېپىلىغا چىقىشقا بىر قانچە قېتىم ھەركەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمىدى. ئۇلار پىلانىنى ئۆزگەرتىپ كىچىگىرەك قورغان شىنچېڭنى ئالماقچى بولدى. شىنچېڭ ئىستىراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ يەر ئىشغال قىلىنسا باشقا جايلارنى ئېلىش ئوڭايغا چۈشەتتى. شۇڭا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ سېپىلغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بىر ھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا 40-50 دەك ئەسكەر ئۆلدى.

شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىنى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى، غەربىي جەنۇپ تەرىپىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قورشىغان ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەۋرىستانلىغى ئالتۇنلۇقتا جايلاشقان ئىدى.

دىمەك، شىنچېڭ ۋە لوچېڭ پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ئىدى (بىز دىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرى جامائەتتىن يىغىلغان ئاش-تاماقلارنى ئاخۇنۇملارنىڭ يېتەكچىلىگىدە قوزغۇلاڭچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق).

بۇ ئىككى شەھەرنى ئالالمىغانلىقتىن ماجۇڭيىڭ ئۇ-

روُش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى بارىكۆلگە ئەۋەتتى. قۇمۇلنىڭ مۇھاسىرىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن بارىكۆل گارنىزونىنىڭ باشلىغى خې تۇەنجاڭ (خې جىنچۇەن) سوقۇشمايلا تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قۇراللىسىزلاندۇرۇپ قۇمۇلغا ئېلىپ كەلدى. قۇمۇلنىڭ ئەلىماخۇنۇم باشلىق پۇتۇن ئاخۇن ۋە موللىلار بارىكۆلدىن غەلىبە بىلەن قايتقان ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى شەھەر سىپىلىنىڭ تېشىغا چىقىپ قارشى ئالدى (شەھەر دەرۋازىلىرى تاقاق ئىدى).

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن، لۇيجاڭ دۇ جىڭگو باشچىلىقىدا بىر لۈي (بىرىگادا) ئەسكەرنى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمۇل، ئۈرۈمچى يولىدىكى چوڭ ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغان لاۋدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىم، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملاردىن مەلۇم ئادەم ئاجرىتىپ ئېلىپ لاۋدۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە لاۋدۇڭ، چىگىلوچەن ① دېگەن جايلاردا دۇلۈيجاڭ قوشۇنلىرىغا تۈيۈقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلىپ نۇرغۇن قورال-ياراق، ئوق-دورا، ھەربىي چادىر، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىمەت ئالدى.

خەلق ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق قوشاقلارنى توقىدى:

① چىگىلوچەن — ئۈرۈمچى-قۇمۇل ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئىسمى.



لاۋدۇڭدىكى سوقۇشتا،
يېيۇەنچەنگە ئات سالدۇق.
دۇلۈيجاڭنىڭ چېرىگىنى،
چىگىلوچەندە قاق سالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ
يېزنى جەڭگە باشلىدى.
دۇلۈيجاڭنىڭ چېرىگى،
قۇراللىرىنى تاشلىدى.

خوجىنىياز ھاجى ئازراق ئەسكىرىنى لاۋدۇڭدا قالدۇرۇپ قالغان قوشۇنىنى باشلاپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. بۇ غەلىبىنى كۆرگەن قۇمۇل خەلقىنىڭ سوقۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

قۇمۇلنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىدە قالغانلىقى ۋە دۇلۈيجاڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر لۈي ئاتلىق (موڭغۇل، شىبە، روس) ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ئۇلار لاۋدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى ۋە ماجۇڭيىڭ قوشۇنى يەنە لاۋدۇڭغا بېرىپ ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. شېڭ شىسەي ئۇرۇش تاكتىكىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ ئاساسى كۈچىنى ئىككى يان تەرەپكە تولاپ قورشاپ يوقاتماقچى بولدى. بۇ ئۇرۇشتا بىرىنچى سەپتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى، ئىككىنچى سەپتە ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تۇردى. مانا شۇ تەرىقىدە 3 كۈن قاتتىق ئۇ-

رۇشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ شېڭ شىسەي قوشۇنىغا تەڭ كېلىشكە كۆزى يەتمەي جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قۇمۇلغا، ئاندىن قۇمۇلدىكى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا كەتتى. يولۋاس ماجۇڭيىڭنىڭ كەينىدە قالغان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ ئامالسىزلىقتىن ھاجىمنىڭ يۇرتى تاراتى دىگەن تاققا چېكىندى (مەن ھاجىملارنىڭ تۆگە ترانسپورت قوشۇنىدا ئىشلەيتتىم، مەنمۇ بۇ چاغدا قوشۇندىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا كەتتىم).

ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى گەنسۇغا چېكىنىدىغان چاغدا قۇمۇل خەلقىنىڭ ئات-ئۇلاق، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ-تالىدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆز جايىدىلا ئاتتى-چاپتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ چوڭ قوشۇنى باستۇرۇپ قۇمۇلغا كېلىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قۇمۇل خەلقى قورقۇپ يىغا-زارە قىلىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بويان يىغىپ توپلىغان مال-مۈلۈكلىرىنى، ئۆي-ئىمارەت، باغ-ۋارانلىرىنى تاشلاپ ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ تاققا قاراپ قاچتى. ئاتا-ئانا ۋە بالا-چاقىلار سەرسان بولۇپ نەچچە كۈنلەرگىچە بىر-بىرلىرى بىلەن تېپىشالمىدى. قۇمۇل دىخانلىرىمۇ تاققا قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ماجۇڭيىڭنىڭ دەستىدىن يەر تېرىي دىسە ئۇلاق-قارىسى يوق، ھەتتا يەيدىغانغا ئاشلىقىمۇ يوق ھالەتتە قېلىپ، بىر-ئىككى يىلغىچىلىك ئەسلىگە كېلەلمىدى. قان-قېنىغا باندىتلىق سىڭىپ كەتكەن ماجۇڭيىڭ ھەتتا ئۇلارنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنىمۇ



بۇلاپ كەتكەن ئىدى، قۇمۇل خەلقىگە ياردەم قىلىش نىقاۋى بىلەن چىققان ماجۇڭيىڭ خەلقنى ئەنە شۇنداق ئاچ-يالىڭاچ قىلىۋېتىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا دەسلەپ چىققاندا خەلق ئۇنى شۇنچە خوشاللىق بىلەن قارشى ئالغان بولسا، قۇمۇلدىن قايتقاندا قاغاش-تىللاش بىلەن ئۇزاتتى.

مانا بۇ ماجۇڭيىڭنىڭ 1931-يىلى كۈزدە شىنجاڭدا قىلغان باندىتلىق ھەركىتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى.

### 3

ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا قېچىپ، خوجىنىياز ھاجىلار تاققا چېكىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ 230 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان قۇمۇل ۋاڭ شامەخسۇت ئوردىسىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپ ئاندىن ئوردىغا ئوت قويىۋەتتى. بىر قانچە 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چىرايلىق، ھەشەمەتلىك ئوردىدىن بىر ئايغىچە يالقۇن، ئىس-تۈتەك كۆتىرىلىپ تۇردى. بىز تاغدا تۇرۇپ كېچىسى يالقۇنجىغان ئوتنى، كۈندۈزى ئىس-تۈتەكنى كۆرۈپ تۇردۇق. ھىلىگەر شېڭ شىسەي شەھەردە ئاھالىنىڭ يوقلىغىنى كۆرۈپ شەھەر خەلقىگە قارىتىپ، ىگونا خەلققە چېقىلمايدىغانلىغىنى، قورال-ياراقنى تاپشۇرسا بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىغى ھەققىدە مۇراجىئەت چىقاردى. بۇ مۇراجىئەتنامە بويىچە تاققا قېچىپ كەتكەن خەلق ۋە دىخانلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. شېڭ شىسەي تاراتىغا (تاققا) ماشىنا چىقىرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى قۇمۇلغا تەنپەنگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

هاجىم ھىچقانداق قۇرال ئالماي تەنپەن قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا (شېڭ شىسەينىڭ نەچچە مىڭ قۇراللىق ئەسكىرىنىڭ ئارىسىغا) باردى. شېڭ شىسەي بىلەن 4 كېچە - كۈندۈز تەنپەن قىلىپ، ئۇنىڭ تاغچىلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىۋىنى رەت قىلدى. لېكىن مۇشۇ تۆپىلىدىن خوجىنىياز هاجىم شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىككە كۆزى يېتىپ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە شېڭ شىسەيگە «مېنى دەرھال قويىۋەت، ئۇنداق قىلمىساڭ تاغچىلاردىن بىر تال ئوقمۇ ئالالمايسەن» دېگەن شەرتنى قويۇپ، كۆرۈنۈشتە تاغچىلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن تاققا ئەسكەر باشلاپ چىقىش توغرىسىدىكى تەلەپنى قوبۇل قىلغان بولدى. شېڭ شىسەينىڭ مەقسىدى، مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق خوجىنىياز هاجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىنىياز هاجىنىڭ بۇنداق قىلتىغىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھىس قىلمىغان ئىدى. ئۆزىگە ئىشەنگەن خوجىنىياز هاجىم كېلىشىم بويىچە شېڭ شىسەينىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆشۈتى داۋىنىغا قاراپ باشلاپ ماڭدى. داۋان ئېغىزىغا يېقىن قۇرلۇق دېگەن يېزىغا كەلگەندە كېچىسى پەيتىنى تېپىپ قۇراللىق قوشۇن ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. هاجىمنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قوزغۇلاڭچىلار خوشاللىققا چۆمدى. يول باشلىغۇچىدىن ئايرىلىپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى كۆشۈتى قۇرلۇق تاغ ئېغىزىدا راسا ئەدىۋىنى يەپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە قۇراللىرىدىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا قېچىپ كەلدى.

شېڭ شىسەي قۇمۇلدىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ھەركەتلەن-



دۇرۇپ قوزغۇلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن تاراتىغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۇ ھەربى تاكتىكىغا ئۇستا بولغان بىلەن خوجىنىياز هاجىنىڭ قوشۇنى تاغ ئۇرۇشىغا ماھىر ئىدى. شۇڭا بىر قانچە كۈنلۈك سوقۇشتا شېڭ شىسەي ھىچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالماي ئەكسىچە بىر قانچە يۈز ئەسكىرى ۋە قۇرال - ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى كۈزدە هاجىملارنىڭ قوشۇنى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. دەسلەپتە تاشقى موڭغۇلىيە (چېگرا) دىن چارۋا مال ۋە يېمەكلىكلەر ئالدى. كېيىنچە تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى خوجىنىياز هاجىملارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن تەنپەن قىلىشقا 2 نەپەر موڭغۇل، بىر نەپەر قازاق ۋەكىل ئەۋەتتى (قازاق ۋەكىلنىڭ ئىسمى ئاباي دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خوجىنىياز هاجىلار بىلەن 1935 - يىلغىچە بىللە بولدى). شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇردا تەدرىجى ھالدا نورمال بېرىش - كېلىش ئورنىتىلدى. خوجىنىياز هاجىنىڭ ۋەكىللىرى ئوسمانباي، ئىسمايىل هاجى، سالىھ دورغا، ئوسمانشا، يولۋاس، سەمەت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر تاشقى موڭغۇل چېگرا چازىسىغا بېرىپ 1 - قېتىم 70 دانە مىلتىق، 20 ساندۇق ئوق، 500 كىشىلىك پاختىلىق كىيىم، 600 پار چىگىرىن ئۆتۈك، مىڭ دانە يامغۇرلۇق چاپان، 500 تاختا جۇۋا قاتارلىق قۇرال - ياراق ۋە كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلدى. ئاندىن باشقا، تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى خوجىنىياز هاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ياشلاردىن 30 - 40 چە كىشىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھەربى شوپۇرلۇق ۋە باشقا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ بەردى (مىللى ئارمىيىدە ماشىنا ھەيدىگەن تالىپ هاجى، قاتناش نازارەت تەۋەسىدىكى سەمەت

ئاخۇنلار مانا شۇ چاغدا شوپۇرلىقنى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدى. قۇمۇل ئاستانىلىق ھۇشۇر ئاخۇن دىگەن كىشى ھەربى كۇرسنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ دەسلەپتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدا، كېيىنچە مامۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلدى. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلدى). شۇنداق قىلىپ خوجىنىياز ھاجىلار تاشقى موڭغۇلىيىدىن كۆپ ياردەملەرگە ئىگە بولۇپ، قوشۇنىنى كۈچەيتتى. تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدا تۇرۇۋاتقان قوزغۇلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ چاغدىكى ھاياتى ھەققىدە مانا مۇنداق قوشاقلارنى توقىغان ئىدى:

مىنگاڭغا① قاراپ ماڭدۇق،
قىيىن - قىستاق سايلار سايان.
تاققا ماڭسا تاغچىلار،
خوتۇن، بالىلار قاراپ قالغان.

ئالتاي ياتتۇق مىنگاڭدا،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،
ئەل يۇرتلار ئامان بولسۇن.
بىزنى دىگەن يارانلار،
ئۆلمەستىن تىرىك قالسۇن.

① مىنگاڭ — شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇل چېگرىسىدىكى جاي ئىسمى.



1932 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى موڭغۇل چېگرىسىدىن قايتۇرۇپ تاراتىغا ئېلىپ كەلدى. ماشىمىڭ بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ گىپىگە كىرمەي تۇرپان، پىچان تەرەپلەرگە كەتكەن ئىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇنىنى ئېلىپ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە تۇرپان ئارقىلىق قايتتى.

ئىككىنچى قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن 100 تال مىلتىق ئوقى، 2 توننا قوغۇشۇن قاتارلىق نەرسىلەر كەلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاچكۆز يولۋاس ئۆزى ئېلىۋېلىپ، قالغانلىرىنى خوجىنىياز ھاجىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىشنى ھاجىم بىلىپ قېلىپ تاشقى موڭغۇل چېگرىسىدىن كەلگەن يولۋاسنى قوتازلىقتا① سولاپ قويىدۇ، يولۋاسنىڭ قامىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەك بىر قانچە ئەسكەر بىلەن كېلىپ يولۋاسنى ساقلاۋاتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاتىسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ، ئۇلار شۇ قېچىشتا دەسلەپ باغداشقا بېرىپ، كېيىن ئۆزىنىڭ كارىزى مالەن جاڭزىغا قايتىپ كېتىدۇ.

## 4

1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم قۇمۇلغا چىقتى. ئۇ، بۇ قېتىم ئىنىسى ماجۇڭجيې (ئېرىسلىڭ) بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر باشلاپ چىققان ئىدى. ئۇلار يولۋاسنىڭ مالەن جاڭزىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇددى غالجىر ئىت تاپىنى كۆرگەندەك خوش بولۇپ، شۇ جايغا ئورۇنلاشتى. ماجۇڭيىڭ

① قوتازلىق - جاي ئىسمى.

يولۋاسقا بىر قانچە ئون يامبۇ، 200 تاختا قارا چاي، 30 تۇياق تۆگە ھەم بىر مۇنچە قۇرال - ياراق ھەربى ئەسلىھەلەرنى بەردى. 30 نەپەر ئوپىتسىرنى ئاجرىتىپ يولۋاسنىڭ قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن يولۋاس خوشال بولۇپ، نىمە دىسە ماقۇل دەيدىغان بولدى. ماجۇڭيىڭ دەسلەپ ئۇنى ئۆزىگە ھەربى مەسلىھەتچى (سەنمۇ) قىلىپ ئەسكەر توپلاشقا قۇتراتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ مەقسىدى: يولۋاسنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. شۇڭا ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىلا ئارىلاشمىسا ياكى ئەسكەر كىرگۈزمىسە، شىنجاڭنى ئالىمىز دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئەنە شۇ چاغدا يولۋاسنى 1 - مۇئاۋىن قۇماندان قىلىش، كېيىنچە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش پىلانلاندى. ئىككى يۈزلىمە ئاچكۆز يولۋاس بۇنىڭ بەدىلىگە پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى ماجۇڭيىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قۇمۇل خەلقىنى خالىغانچە ئاياق - ئاستى قىلىپ باندىتلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. يولۋاسمۇ ھەربى قوشۇننى كۈچەيتتى ۋە زورايتتى (ماجۇڭيىڭ بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا بولغان مەسلىھەتلەردە ۋە ئۇلارنىڭ پىلان يېزىش ئىشلىرىغا قاتناشقان، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئۇزۇن يىللار مەمۇرى مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغان ھۇشۇر قۇربان دىگەن كىشىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ كىشى مەن بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئۆلۈپ كەتتى).

1933 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا تۇرپان قوزغولاڭچىلىرىنىڭ باش قۇماندانى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن خوجىنىياز ھاجى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇلار لۈكچۈندە تۇرپان قوزغولاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ،



كېيىنكى ھەركەت پىلانىنى تۈزەۋاتقاندا جىن شۇرېننىڭ پىچاندا تۇرۇۋاتقان ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشتا تۇرپانلىق ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ۋە مەخسۇت مۇھىتىلار قۇربان بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئىلگىرى قارا شەھەر تەرەپكە كەتكەن مەھمۇت مۇھىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇلار بىرلىكتە كېيىنكى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ كۆكيار تاغلىرى ئارقىلىق مورى - گۇچۇڭ تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

## 5

بۇ ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجىيې ئۆز قوشۇنىنىڭ بىرقىسمى بىلەن يولۋاسنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ 1933 - يىلى 5 - ئايلاردا يەتتى قۇدۇق ۋە داشتۇ ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاسنى چىڭفاڭ سىلىڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭ ئەتراپىدا خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سىجاڭلار بىلەن بىرلىشىپ گۇچۇڭ، جىمىسارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ، پىلان بويىچە ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭغا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى جىمىسارغا تەڭ ھۇجۇم قىلىدۇ. گۇچۇڭغا قىلىنغان ھۇجۇمدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجىيې سېپىلغا پىچاق سانچىپ چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ماجۇڭجىيې شۇ چاغدا 21 ياش ئىدى.

ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن گۇچۇڭ شەھرىدە چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دىمەي ئۈچ كېچە - كۈن-

دۇز قىرغىن قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنىسى ماجۇڭجيېنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. جىمساردا تۇرۇشلۇق جىن شۇرېننىڭ بىر تۈەن (پولك) ئەسكەرلىرى تەسلىم بولماقچى بولۇپ بىر كۈنلۈك مۆھلەت سورايدۇ. بۇ خىل ئىشلاردا تەجرىبىسىز بولغان خوجىنىياز ھاجى ماقۇل كۆرۈپ مۇھاسىرىنى بوشۇتۇپ سېپىلدىن ئارقىغا چېكىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ماجۇڭيىڭ بىر كېچىدە گۇچۇڭدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ قۇرال - ياراقلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ماجۇڭيىڭغا سۇلايمان قورمال قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ: «سىلەر گۇچۇڭدا نۇرغۇن قۇرال - ياراققا ئىگە بولدۇڭلار، بىز جىمساردىكى ئازراق قۇرالغا ئىگە بولساق نېمە بولىدۇ!؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەمما ماجۇڭيىڭ پىسەن قىلمايدۇ. (شۇندىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا زىمىچۈەنزىدىكى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ جۇدۇنگە ئۇچراپ سوغۇقتا توڭلاپ قىرىلغانلىقىنى يولداش خېۋىر تۆمۈر شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيالى 12 - سانىدا تەپسىلى يازغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختالمىدىم).

ماجۇڭيىڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىختىلاپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھىلىگەر شېڭ شىسەي ئىككى تەرەپكە تەڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېلىشىم قىلىپ ئىتتىپاقلىشىدۇ.



# تورپاقلار قوزغۇلىڭى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغۇلىڭى توغرىسىدا

زاكىر نىياز

جۇڭگو 1840 - يىلقى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا كىردى. ئىنقىلاپنىڭ مەقسىدى چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتلىرى ۋەكىللىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلاۋى چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغانغىچە بولغان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىرقانچە چوڭ قوزغۇلاڭلار ۋە سانسىزلىغان كىچىك قوزغۇلاڭ - يېغىلىقلار بولۇپ ئۆتتى.

1907 - يىلى قۇمۇلدا يۈزبەرگەن «تورپاقلار قوزغۇلىڭى» قۇمۇل خەلقىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى (چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى باشچىلىقىدىكى فېئوداللىزمغا قارشى) بىر قېتىملىق ئىنقىلاۋىي كۆرىشىدۇر.

تۆۋەندە مەن قولۇمدىكى ئازغىنە ماتېرىياللارنى يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇندۇم:

1644 - يىلى لى زىچېڭ باشچىلىق قىلغان دىخانلار قوزغىلىڭى مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ قوزغىلاڭچى دىخانلارنىڭ داشۇن ھاكىمىيىتىنى قۇردى. بىراق ئىچكى جەھەتتىن چىرىش، بۆلۈنۈش، سىرتقى جەھەتتىن مىڭ سۇلالە گېنېرالى ۋۇسەنگۈينىڭ خائىنلىق قىلىپ مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىشى نەتىجىسىدە 40 كۈنلۈك داشۇن ھاكىمىيىتى مەغلۇپ بولۇپ، جۇڭگودا يەنە بىر فېئوداللىق سۇلالە مەنچىڭ ھاكىمىيىتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئەشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلدىكى چوڭ فېئودال ئەبەيدۇللا مەنچىڭ خانىغا بېقىنىپ ۋاڭلىق ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مىراس قالىدىغان ئۇيغۇر ۋاڭى بولدى.

شۇندىن باشلاپ قۇمۇلنىڭ زور مىقتاردىكى (ئارا تۈرۈكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) يەرلىرى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەۋەلىك يەرلىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەشۇ تەۋەلىك يەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ قۇلىغا ئايلاندى، ۋاڭنىڭ قۇللارنى خالىغانچە ئىشلىتىش، قول ئەسكەر ئېلىش ھوقۇقىلا ئەمەس، بەلكى قۇللارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى بار ئىدى. ۋاڭنىڭ يەنە قۇللارنىڭ مال - مۈلۈك، تەئەللۇقاتلىرىنى خالىغانچە ئىگەللىۋالىدىغان پەۋقۇلئاددە ھوقۇقىمۇ بار ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئەۋلات مىراسلىق دەۋر سۈرۈش، زورلۇقچە سېتىۋېلىش، ئالداپ ئېلىۋېلىش ۋە پارە يېيىشلەر نەتىجىسىدە 9 - ئەۋلات ئۇيغۇر ۋاڭ شامەخسۇت دەۋرى (1875 — 1929 - يىللار) غا كەلگىچە قۇمۇل رايونىنىڭ تېرىلغۇيەرلىرى، كارىزلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ، باغ - ۋاران، كۆمۈركان، چارۋا ماللارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمى ۋاڭنىڭ خۇسۇسى مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. دىخانلارنىڭ ناھايىتى



ئازغىنە تېرىلغۇ يەرلىرى، چارۋىچىلارنىڭ ناھايىتى ئازغىنە قوي - كالىلىرى بولىدۇ.

يەنە تېخى ۋاڭنىڭ شەخسى مۈلكى بولغان يەر - زېمىنلەرنى خەلق — دىخانلار ئۆزى كۈچ سەرپ قىلىپ تېرىپ ۋە ھوسۇللارنى يىغىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. چارۋا ماللارنىمۇ چارۋىچىلار مەجبۇرى ھالدا ئۆزلىرى كۈچ چىقىرىپ بېقىپ سەمىرتىپ، كۆپەيتىپ بېرىدۇ. دىخان ۋە چارۋىچىلارغا ئىش ھەققى بېرىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەگەر ئاپەت يۈز بېرىپ مەھسۇلات نورمىسى ئورۇنلانمىسا، بۇ زىياننى دىخان بىلەن چارۋىچى تۆلەيدۇ. ھەر مو يەرنىڭ مەھسۇلاتىنى بىر دادەن بۇغداي ھېساپلىغاندا، ۋاڭنىڭ بىرمو يېرىدىن ئېلىنىغان مەھسۇلات بىر دادەنگە يەتمەي قالسا دىخان ئۆز ئاشلىغى بىلەن سانىنى تولدۇرۇپ تۆلەيدۇ. ھەر بىر چارۋا بىر يىلدا بىر قوزا، بىر موزاي تۇغماي قالسا چارۋىچى ئۆز مال - چارۋىسى بىلەن سانىنى تولدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ۋاڭنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دىخانلار چوقۇم ئالدى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشى كېرەك، پەقەت شۇندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەسىل، ۋاقتى - قەرەلى ئۆتۈپ كېتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا زادىلا ئىمكانىيەت بولمايدۇ. چۈنكى ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بولۇپ ئۆز يەرلىرىنى تېرىغىچە تېرىقچىلىق ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى سۇغۇرۇپ بولۇپ، ئۆز يەرلىرىنى سۇغارغىچە سۇغۇرۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، ۋاڭنىڭ يەرلىرىدىكى ئاشلىقلارنى ئورۇپ يىغىپ بولۇپ ئۆز يەرلىرىنى ئوما قىلغىچە ئوما ۋاقتى ئۆتۈپ

كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات تۆۋەنلىسە تۆۋەنلەيدۇكى ياخشىلانمايدۇ.

دېخانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق تۇرسا، ۋاڭنىڭ توشماي قالغان ھوسۇلىنى تولدۇرۇپ قويىدىغانغا نەدىكى چارە-نىمە ئامال؟ نەدىكى كۈچ بىلەن تولدۇرۇپ قويالىسۇن؟ يەنە ۋاڭنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دېخانلارنىڭ خالىغانچە يەر ئېچىش ئەركىنلىكىمۇ ۋە يەرلىرىنى سېتىش ئەركىنلىكىمۇ يوق. ئەگەر يەر سېتىشقا تېگىشلىك بىر ھاجىتى چىقىپ قالغاندىمۇ باشقا كىشىگە ساتالمايدۇ. پەقەت ۋاڭ ئوردىسىغىلا سېتىپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا دېخانلارنىڭ مال-مۈلۈك ۋە مىراسى ئازىيىپ، كېمىيىپ كېتىدۇ، ياكى ۋاڭنىڭ مەھۇلاتىنىڭ كەم سانىنى تولدۇرۇپ تۆلەپ بېرىشكە كۈچ-قۇدرىتى يەتمەي يېرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان ھالەتتىمۇ، يەنىلا ۋاڭ ئوردىسىغا تۆۋەن باھادا تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېخانلار كەمبەغەللىشىپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قالدى-قاتتى ۋەسلىنى تاشلاپ چەت-ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ۋاڭ خەلققە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەجبۇرى بوز يەر ئاچقۇزۇش، مەجبۇرى يەر پىشىلدۇرۇش، كارىز ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ چاپتۇرۇش، تاش ۋە كۆمۈر كولۇتۇپ، ئوتۇن كەستۈرۈش قاتارلىق پۈتمەس-تۈگىمەس جاپالىق ئىشلارغا سېلىپ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ھەق-ئەجرە بەرمەيدۇ.

ئەگەر دېخانلار ۋاڭنىڭ مۇشۇ خىل ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا ئاستاراق ھەركەت قىلسا ۋاڭ ئۇلارنى ئاددىسى قامچا بىلەن ساۋاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قولىغا كويزا ۋە



پۇتىغا كىشەن سېلىش، ھەتتا نوم چۆلىگە سۈرگۈن قىلىش بىلەن جازالايدۇ.

بۇنداق جازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھاياتى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن ئاچلىق، يالىڭاچلىق ۋە ھايات-ماماتلىق ئارىسىدا قاڭغىر قاخشاپ جان تالىشىدۇ.

مانا بۇ 200 يىلدىن ئارتۇق جەريان ئىچىدە 9 ئەۋلات ۋاڭلىقنىڭ قۇمۇل خەلقىنە كۆرسەتكەن ئەجەل كارامەتلىرى بولۇپ، خەلقنى جېنىدىن جاق تويغازدى.

1907-يىلى ئەتىيازدا يارتۇگمەنلىك دېخان شەرۇللا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ «5 دادەن سېلىق ئاشلىقى» نى بېرەلمەيدۇ. ۋاڭ ئوردىسى ئۇنىڭ سېلىق ئاشلىقى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىغا قارىماي بىر ئاي ئىچىدە تاپشۇرۇشىنى شەرت قىلىپ چەك قويىدۇ.

شەرۇللا ھېچبىر چارە-ئامال قىلالماي، ئازاپتىن ئۆلۈپلا قۇتۇلماق بولىدۇ ۋە چەك مۇددىتى توشۇشقا 2 كۈن قالغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دەرت-ئەلىمىنى ۋە ۋاڭغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ، ۋاڭنى تىللاپ، شۇ خەتنى جىگدە شېخىغا ئېلىپ قويۇپ ئۆزىنى ئۆزى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋالىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆلگۈچىگە چوڭقۇر ئېچىنىپ، ھېسداشلىق قىلىدۇ. ۋاڭغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ.

شۇ ئەتىيازلىقى يەنە خۇيچىڭلىق تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، تورپاق شاكىر قاتارلىق 3 كىشىمۇ 13 دادەن «سېلىق ئاشلىقى» نى بېرىشكە كۈچى يەتمەي لاپچۇققا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلار لاپچۇققا بارغاندا، ۋاڭنىڭ كۆمۈر كېنىدا خاڭ گۆمۈرۈ-

لۇش ھادىسىسى بىلەن ۋاڭنىڭ ئالۋىڭىغا ئىشلەۋاتقان دېخانلاردىن 17 كىشى ئۆلگەن ئىدى. ئۇلاردەل مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالىدۇ.

ۋاڭ ئۆلگۈچىلەر ئۈچۈن خۇن ھەققىمۇ بەرمەيدۇ ۋە ھېچقانداق غەمخورلۇقمۇ قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىۋى قوزغۇلىدۇ. ئاكا - ئۇكا تورپاقلار ۋە ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇققانلىرى، دوست - يارلىرى مۇشۇ مەسىلىنى تۇتقا قىلىپ تەشۋىقات يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار قوزغۇلاڭ قىلىشنى پىلانلاپ 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ، تەشۋىق قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈشتە بولۇپمۇ ئاكا - ئۇكا تورپاقلارنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئۇلار قوزغۇلاڭ باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن خەلققە ۋەكىل بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەندىكى تەلەپلىرىنى:

«1. ۋاڭنىڭ پۈتۈن يەر ۋە كۆمۈر كانلىرىنى دېخانلارغا ئىجارىگە بېرىپ مۇددەت بويىچە يەر ياقىسى بېجىنى ئالسۇن. ھېچقانداق ئەجىرسىز يەر تېرىپ بەرمەيمىز!

2. ھەر ئايدا پەقەت 3 كۈنلا ۋاڭنىڭ ئالۋىڭىنى قىلىش، باشقا چاغلاردا بولسا خەلق ئەركىن ھالدا ئۆز مەشغۇلاتىنى قىلىش.

3. يۇقۇرقى تەلەپلەرگە قۇمۇل تىگىبىگى تەي كېپىللىك قىلىش ۋە ئۇنى تاش تاختىغا ئويما قىلىپ يېزىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇش.

4. ئەگەر يۇقۇرقى تەلەپلەر ۋۇجۇتقا چىقمىسا ۋاڭنىمۇ كېرەك قىلمايمىز، تەيجىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىمىز»



دىگەن تەلەپلىرىنى يېزىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ئوردا تامان قارىتىپ چاپلاپ قويىدۇ. بۇ تەلەپلەر ئارقا - ئارقىدىن 3 قېتىم يېزىپ چاپلانغان بولسىمۇ، ۋاڭ ئۇنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالىدۇ ۋە پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ، ئاكا - ئۇكا تورپاقلار داۋاملىق تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۇلار سومقاغۇ، ئاستانە، تۇغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردىن قوزغىغان كىشىلەرلا 5 يۈزدىن ئاشىدۇ.

بۇ چاغدا قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆزخوجا خوجىنىياز، موللا نازى، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەرمۇ قوزغىلىپ تەشۋىقات يۈرگۈزىدۇ (ئۆزخوجا خوجىنىياز ۋاڭدىن ئۆسۈمگە پۇل ئېلىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى ۋە ئۆسۈم مىقدارىنىڭ بەك يۇقۇرىلىغىدىن نارازى ئىدى). ئۇلار جۈمە نامىزىدىن پايدىلىنىپ ئاممىغا:

«كىتاپلاردا يېزىلىشىچە بىز ھەممىمىزلا ئوخشاش ئادەم، نىمىشقا ۋاڭلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا بىزنىڭ بېشىمىزغا مىنىۋالىدۇ؟ نىمىشقا بىز ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قۇل بولىمىز؟ بىز ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز، دىسەك ۋاڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك.» دەپ قايتا - قايتا تەشۋىق قىلىپ قوزغىلاش ئارقىلىق، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى راھەتباغ، شۇمشۇك ئەتراپى، قارىستال، بۇغانە، دۆۋىچىن، پالۋانتۇر، لياۋجاۋەن قاتارلىق جايلاردىن 5 - 6 يۈز ئادەمنى توپلايدۇ.

ئۇلار تورپاقلار يېتەكچىلىگىدىكى ئامما بىلەن بىرلىشىپ

جەمى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قوللىرىغا كەتمەن - گۈرجەك، پالتا - قىڭراق، كالتەك - توخماقلارنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن گۈلدۈرلىشىپ خۇيچېڭنىڭ بازىرىغا كىرىپ بارىدۇ. ئۇلار خۇيچېڭدا نامايىش قىلىپ يۇقۇرى ئاۋازلار بىلەن: «ۋاڭنىڭ قولى بولمايمىز!»، «ۋاڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلايدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئاممىنىڭ سۈرەن - چوقانلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرۈپ ئۆلگىدەك قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماستىن، جىددى ئالدىراشلىق بىلەن ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ شۇنفۇسى يەن داخۇاغا ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتىدۇ.

ئۇ يەنە ئاممىنىڭ ئوردىغا ئۇسۇپ كىرىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوردا ئەسكەرلىرىنى بۇيرۇپ، ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئەتتۈرۈپ، مىخلىتىپ تاشلايدۇ.

قوزغولاڭچى ئاممىمۇ ئۆز مەقسىدىگە يەتمىگىچە سەپتىن قايتمايدىغانلىقىنى قارار قىلىشىپ ئوردا دەرۋازىسىنى سىرتىدىن ئېتىپ، خىش - كېسەكلەر بىلەن تام قوپۇرۇپ، توسۇپ تاشلايدۇ. مۇھاسىرە شەكلىدە ئوردىنى قورشىۋالىدۇ، ھەتتا كەچ كىرگەندىمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشمايدۇ. ئوردا ئەتراپىدىكى دەرەخزارلىقلار ئىچىدە ئۇخلاپ، تاماقنىمۇ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە پىشۇرۇپ يېيىشىدۇ.

قوزغولاڭچى ئامما ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ھەتتا ئوردا سېپىلىغا شوتا قويۇپ چىقىپ، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچىمۇ بولىدۇ. بىراق شوتىنى سېپىلغا ئورنىتىپ يۇقۇرىغا چىققان توختى، جامال، ھۇشۇر قاتارلىق 3 كىشىنى ئوردا لەشكەرلىرى ئېتىپ تاشلايدۇ.



مۇھاسىرە ۋاقتى ئۇزۇراپ يازغىچە سوزۇلىدۇ. ياز يېتىپ كېلىشى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ ۋىلايىتىدىكى ياڭ زېڭشىن ئۇرۇمچىنىڭ داۋتەيلىكىگە يۆتكىلىپ قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ شۇنفۇسى يەن داخۇانىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

ياڭزېڭشىن ئىنتايىن ھىيلىگەر شەخس بولۇپ، ئۇ شامەخسۇتقا يول كۆرسىتىپ ئۇنى كۆرۈنۈشتە ئاممىنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇپ، ئالۋاڭ - ياساقنى قىسقارتىپ، بەزى ئالۋاڭلارنى ئېلىپ تاشلاپ ۋەزىيەتنى تېچلاندۇرۇشقا سايە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بارىكۆلنىڭ جېنتەيى يې شىڭفۇغا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قوزغولاڭنى باستۇرۇشقا يوليورۇق بېرىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت، يې شىڭفۇ مەنچىڭ ئەسكەرلىرىدىن تەخمىنەن بىر لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ خۇيچېڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سېپىل ئۈستىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئاممىنى ئالداپ «شەرتلەرنى ئېلان قىلىمەن» دەپ ھەممىنى سېپىل تۈۋىگە يىغىلىشقا چاقىرىدۇ. قوزغولاڭچى ئامما دەل ۋاڭنىڭ شەرتلەرنى ئېلان قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتە سېپىل ئۈستىگە مۆكتۈرۈپ قويۇلغان مەنچىڭ ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز ئوق ياغدۇرۇپ، شۇ جايدىلا 7 - 8 كىشىنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

قوزغولاڭچى ئاممىنىڭ قولىدا مىلتىق بولمىغانلىقتىن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي، ئەتراپتىكى دەرەخزارلىقلار ئىچىگە قېچىپ تارقىلىپ كېتىدۇ. شەھەرنى 3 ئاي مۇھاسىرە قىلغان بۇ قوزغولاڭ شۇنىڭ بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن

تىل بىرىكتۈرۈپ قۇراللىق باستۇرۇش ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار
نى چېكىندۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ
سۈيىقەست ئىشلىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە يېشىگفۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى
يالغاندىن دېخان - چارۋىچى شەكلىدە ياساندۇرۇپ، ئاممە ئىچى-
گە سوقۇنۇپ كىرىشكە ۋە قوزغىلاڭغا باشچى بولغان كىشىلەرنى
ئاختۇرۇپ تېپىشقا ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر
قوزغىلاڭچى ئاممىدىن 200 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت تۇتۇپ كېلىنگەن قوزغىلاڭچى
ئاممىنى رەھىمسىزلىك بىلەن جازالايدۇ. تورپاق راجى، تور-
پاق زېرىپ، ئۆزخوجا خوجىنىياز، موللانازى، دۇگامەت قاتارلىق
8 كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. تورپاق شاكىر، تورپاق
توختىنىياز قاتارلىق 40 كىشىنى قۇمۇل چېگرىسىدىن ھەيدەپ
چىقىرىپ، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ.
ئۇندىن باشقا 160 دىن ئارتۇق كىشىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا
بىر يىلدىن يۇقۇرى، 15 يىلدىن تۆۋەن كېسىم قىلىپ نوم
زىندانىغا قامايدۇ ۋە چۆلدە بوز يەر ئېچىشقا جاپالىق ئالۋاڭ-
غا سالىدۇ.

1907 - يىلدىكى «تورپاقلار قوزغىلىڭى» ئەنە شۇنداق
ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ 1913 - يىلقى تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلغان قۇمۇل
دېخانلار قوزغىلىڭىنى مۇھىم تەجرىبە - ساۋاق بىلەن تەمىن-
لىگەن ئىدى.

× × ×

شىنجاڭ شۆنفۇسى يۈەن داخۇا ئىلىمدىكى ياڭزەڭشىن



قاتارلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن فېئودال كۈچلەر
بىلەن، شۇ قاتاردا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر تولۇپلاپ ئۆزىگە
ياردەملەشتۈرىدۇ.

ۋاڭ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقى بويىچە ھەر بىر تاغ
رايونلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىككىدىن يۇقۇرى ئوغۇللۇقلار-
دىن بىرىنى، ئۆز ئېتى بىلەن مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئالىدۇ.
قورايدىكى تۆمۈر خەلپىمۇ شۇ قاتاردا ئەسكەرلىككە تۇتۇلىدۇ.

خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئىنقىلاپقا بولغان ئىنتىلىش تورپاق
قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇشى بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن ئىدى،
بەلكى يىڭى بىر قوزغىلاڭ تەييارلىنىۋاتاتتى.

بۇ قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى تۆمۈرخەلپە ئامما بىلەن
كېڭىشىپ، تورپاق قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن تەجرىبە-
ساۋاق ئېلىپ، قوراللىق دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشنى
ئالدى بىلەن قورالغا ئىگە بولۇشتىن باشلاشنى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ ۋە كۆرۈنۈشتە ئەسكەرلىككە تۇتۇشقا بويسۇنغان قىياپەت-
كە كىرىۋالىدۇ.

1912 - يىلى ئەتىياز ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان
تۆمۈر خەلپە قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق كىشى ۋاڭ ئوردىسى-
نىڭ تۇغۇچىدىكى باشلىقلىرىدىن ھەجەرباقى قارىنىڭ باشلاپ
كېلىشى بىلەن ئوردىغا كېلىپ مىلتىق ئالغاندىن كېيىن ئۈرۈم-
چىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

يول ئۈستىدە — لياۋدۇڭدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا تۆمۈرخەلپە
ئاممىغا باشچىلىق قىلىپ ھەجەرباقىقارى بىلەن ئىككى نەپەر
فۇگۇەننىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ قوزغىلاڭنى رەسمى باشلاي-

دۇ. تاغ تەرەپتىن ۋە قۇمۇل ئەتراپىدىن كەلگەن ياشلارنى
باشلاپ قورايغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە خەلققە ھۆكۈمەتنىڭ ئەس-
كەر ئېلىشىغا ۋە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغال-
غانلىقىنى جاكالايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن
قوزغولاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ، قوزغولاڭچىلار
كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ ۋە
بولغۇسى جەڭلەر ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كۆرىدۇ. قۇمۇلنىڭ
ھەر قايسى يەرلىرىدىكى خەلقمۇ ئۇلارغا ئىقتىسات ۋە ماددى
ياردەملەرنى ئەۋەتىشكە باشلايدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ قوزغولاڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن
چۆچۈيدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ ئەھۋالنى دەرھال قۇمۇلنىڭ
ئامبىلىغا مەلۇم قىلىدۇ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن سەدەنشا ئەلەم-
ئاخۇن، خۇيزۇ ئاخۇن ماچاڭلىڭ، ھەسەن بالاھاجى ۋە روزى
خوجا (بېيجىڭلىق خوجا — ئەسلى ئىسمى ياڭمۇجياڭ) قاتارلىق
4 كىشىنى قورايغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇش بىلەن بىللە
قورقۇتۇش ۋە ئالداش ئۇسۇلى بىلەن تۆمۈر خەلپە باشلىق
قوزغولاڭچىلاردىن 200 دىن ئارتۇق مىلتىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ
قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. لېكىن تۆمۈر مىلتىقنى تاپشۇ-
رۇشنى رەت قىلىش بىلەن بىللە «بىزگە ئىنسانى ئەركىنلىك
كېرەك، ۋاڭلىقنىڭ كېرىگى يوق. بىز سۈلھى قىلىشمايمىز،
ۋاڭلىقنى يوقاتمىغىچە كۈرەشنى توختاتمايمىز،» دەپ ئەلچىلەر-
نى قايتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن بۇ 4 ئەلچى ئىچىدىكى ياڭمۇجياڭ
ۋاڭغا يۆلۈنۈپ خەلقنى ئىزىپ، بوزەك قىلىپ ئادەتلەنگەن
بولغاچقا ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.



شامەخسۇت ۋاڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئالداش ۋە قورقۇتۇش-
تىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق
ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىر قانچە قېتىم
كېڭەش قىلىدۇ. ئەسكەر باشلىقى جاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
قورايغا بېرىپ، مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلماقچى
بولىدۇ. بىراق ئۇلار تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوراللىق
قوزغولاڭچىلار تەرىپىدىن قوراي تاغ ئېغىزى ئىچىدە تارمار
قىلىنىدۇ. قوزغولاڭچىلار يەنە بىرمۇنچە قورال - ياراققا ئىگە
بولۇپ، تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

بۇ چاغدا سۇنجۇڭشەن ئەپەندى تەشكىللىگەن تۇڭمېڭ-
خۇينىڭ شىنجاڭغا كىرگەن بىرمۇنچە ئەزالىرى تىيانشاننىڭ
جەنۇپ ۋە شىمالىدا دىنى خۇراپى تەشكىلات «گېلاۋخۇي»
دىن پايدىلىنىپ مالىمان چىقىرىپ، شىنجاڭ شۇنفۇسى يۈەن
داخۇانى جومھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. چىڭ سۇلالە
ئەمەلدارلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ئارقا - ئارقىدىن
يۈز بېرىدۇ — دە، يۈەنداخۇا بۇنىڭدىن چۆچۈپ دەرھال جۇڭ-
خۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىپ ۋە شۇنىڭ بىللەلا ئۆز-
لىگىدىن تەختتىن چۈشۈپ، ئورنىنى قەشقەردىكى داۋېنىڭ يۈەن
خۇڭيۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ دۇدۇ قىلىپ ئولتارغۇزىدۇ، بىراق،
يۈەن خۇڭيۇ تېخى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا گېلاۋخۇي
ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە شۇنداق ئەھۋالدا
مىلىتارىست ياڭزېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇدۇسى
بولىۋالىدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ ۋە ئوردا غالچىلىرى ۋەزىيەتنى مۆلچەر-
لىمەي يەنىلا ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ، خەلقنى بوزەك قىلماق-

چى بولىدۇ. بىراق قوزغۇلاڭچىلار خەلقنى قوغداپ قورايغا
سېلىق يىغىش ئۈچۈن بارغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئۇرۇپ
جاجىسىنى بېرىپ قايتۇرىۋېتىدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ قوزغۇلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرالماي
2000 سەر كۈمۈش چىقىرىپ ئۆزىنىڭ كونا دوستى، تورپاق
قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشۇپ بەرگەن قېرى جاللات يېڭشىڭفۇ
(بارىكۆلنىڭ جىڭتەيى) گە ئادەم ئەۋەتىپ تۆمۈر قوزغىلىڭىنى
بېسىقتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
كۇشۇتە ئېغىزىغا كەلگەندە شىڭ داتۇنىڭ سارىيىدا قونىدۇ. تۆ-
مۈر خەلپە رازۋېتكا ئارقىلىق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ
كېچىدە قوراللىق كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش بىلەن يې
شىڭفۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەر - ئەمەلدارلىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ.
ئۇلارنى قورايغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تورپاق قوزغىلىڭى
باستۇرۇلغاندا ئۆلگەن، ئازاپلانغان قېرىنداشلارنىڭ ئۆچ - ئىن-
تىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن يې شىڭفۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.
غەزۋىنى باسالمىغان قوزغۇلاڭچىلار ئۇنى 8 پارچە قىلىپ
تاشلايدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ يې شىڭفۇنىڭ تار - مار قىلىنغانلىقىنى
ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ ئەندىشىگە چۈشىدۇ ۋە ئالدىراش -
تېنەش ئۈرۈمچىدىكى يۇەن داخۇادىن ياردەم سوراپ ئادەم
ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا يۇەن داخۇا خىزمىتىنى تېخى تاپشۇرمىغان
بولۇپ، ئۇ تۆگىلىك چەن گۇاڭخەننى 500 دىن ئارتۇق ئەسكەر -
ئەمەلدارلار بىلەن قومۇلغا تۆمۈر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا
ئەۋەتىدۇ. چەن گۇاڭخەن ئۆز قوشۇنلىرىنى كۇشۇتە ئېغىزى، تۇۋرۇك،
شوپۇل قاتارلىق 3 جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن فىڭ



ئاخۇن قاتارلىق يەرلىك زومىگەرلەردىن بىر ۋەكىللەر گۇرۇپپى-
سى تەشكىللەپ، قورايغا ئەۋەتىپ تۆمۈر بىلەن تەنپەن قىلىپ
قوزغۇلاڭچىلارنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستاپ، ھېچ بولمىغان
چاغدا بىر ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ ئۇجۇقتۇرماقچى بولىدۇ.
بىراق ئۇنىڭ قىستاش، پوپوزىلىرى ئاقمايدۇ. تۆمۈر قوزغۇلاڭ-
چىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ چەن گۇاڭخەن قوشۇنلىرى بىلەن
3 ئاي ئۇرۇشۇپ چەن گۇاڭخەننىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى
ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ چاغدا يۇەن داخۇا خىزمىتىنى تاپشۇرۇپ رەسمىيەتلەر-
نى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ئىچكىرىگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقى-
دۇ. قومۇلغا كەلگەندە مىلتىق، توپلار بىلەن قوراللانغان
چەن گۇاڭخەن قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاڭلاپ، 3 كۈن
ئىچىدە قوزغۇلاڭچىلارنى تازىلاپ قومۇلنى تىنجىتىشقا بۇيرۇق
چۈشۈرىدۇ ۋە ئۆز ئاچىسىنىڭ ئوغلى بىلەن گاۋ × × نىڭ
پىلىموتچى ئەترىتىنى ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا ياردەملەشتۈرىدۇ. لېكىن
3 كۈن ئۆتكەندە قوزغۇلاڭنى باستۇرۇش تۇرماق ئۆزلىرىنىڭ
پىلىموتلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.

يۇەن داخۇا شىنجاڭدىن كېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇڭا
«زىيانىنى تولدۇرۇۋېلىش» ئۈچۈن شامەخسۇت ۋاڭدىن نۇرغۇن
ئالتۇن - كۈمۈش سېرىۋېلىپ ئاستىلا ئىچكىرىگە تىكىۋېتىدۇ. ئەمما
مېڭىپ كېتىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يېنىدىكى تۆگىلىك بېيەندارىن
دىگەننى قومۇلدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ چەن گۇاڭخەن بىلەن بىللە
پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزغۇلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى
بۇيرۇيدۇ.

بىيەن بىلەن چەننىڭ ئەسكەرلىرى غەربىي شىمال چۆل-

دىن خىجالەتلىك ئارقىلىق بىۋاستە كۆشۈتە ئېغىزىغا كىرىپ باردى. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىچە «قوزغىلاڭچىلار بىزنىڭ ھەيۋىتىمىزنى كۆرىدىغان بولسا ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ مەغرۇرلىنىپ «بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دېيىشىدۇ. بىراق ئۇلار تاغ ئېغىزى ئىچىگە ئۇسۇپ كىرگەندە، ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئوق يولىدىن قىسىپ، تۆت تەرەپتىن قورشاپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ شۇنداق باپلايدىكى، 6 سائەت ئىچىدىلا بىيەن ۋە چەن قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلىۋېتىدۇ. بىيەن ۋە چەنلەر قەپقالغان ئەسكەرلىرى بىلەن غول ئېغىزى ئىچىدىن ئارانلا جېنىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. تۆمۈر قوزغىلاڭچىلىرى شۇ غەلىبە بىلەن سۈرۈپ توقاي قىلغانچە قۇمۇل شەھىرىگە 25 كىلومېتىرلا كېلىدىغان سايلىققىچە قوغلىشىپ كېلىدۇ. بىيەن ۋە چەننىڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنلىرى ئاران دىگەندە قۇمۇلغا كېلىۋالىدۇ ۋە ئۇرۇشتىن ئىلگىرى شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن قىلغان كېلىشىمى بويىچە ئۇنىڭدىن ئۇرۇش قىلغان ئەسكەر - ئەمەلدارلارنىڭ 3 ئايلىق ئاشلىق ۋە خىراجىتىنى ئالىدۇ ھەم ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن «خۇن» تۆلىتىۋالىدۇ. چەنگۇاڭخەن 50 يامبۇ، قالغان ئەمەلدارلار 10 دىن يامبۇ، ئەسكەرلەر 3 ئايلىق خىراجەت، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن 5000 سەر كۈمۈش، 12 سەر ئالتۇن بىلەن يانچۇقلىرىنى توشقۇزۇشۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئائىلىلىرىگە (ئىچكى ئۆلكىلەرگە) قايتىشىدۇ.

يۈەنداخۇا ۋە چەنگۇاڭخەنلەر ئارقى - ئارقىدىن قۇمۇلنى تاشلاپ ئىچكىرىگە مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ يېڭىدىن شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى بولغان



ياڭ زېڭشىنغا ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ ياردەم سورايدۇ. ياڭ زېڭشىن قۇمۇل يېرىنى ساقلاش ئۈچۈن پەقەت بىر تۈەن ئەسكەرلا ئەۋەتىدۇ. قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋىنچاۋ قوزغىلاڭچىلارنى قۇرال كۈچى بىلەن باستۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىپ ياڭ زېڭشىنغا تەكلىپ يازىدۇ. لېكىن ياڭ زېڭشىن ھىلىگەرلىك بىلەن ئالداپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ بەي ۋىنچاۋغا: «... سىز جۇشى (ھاكىمغا تەڭ) ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتا زادى قانداق ئىشەنچىڭىز بار؟ مەن دۇدۇ بولغان ئادەمنىڭ ھەربى ئىشلاردا ئاز - پاز تەجرىبەم بولسىمۇ، ئۇرۇش قىلىپ، يوقىتىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن... مۇداپىئە قىلىش ئۈستىدە يەنە شۇ ئالداپ قولغا كەلتۈرۈش ياخشىراق...» دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇ. بەي ۋىنچاۋ شۇ كۆرسەتمە - بۇيرۇققا بىنائەن يەرلىك زومىگەر فىڭ ھاجى، ماجەنئاۋ، ماشەي، تيەچىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى تەشكىللەپ، تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ «پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتايلى! ۋاڭ ئوردىسىنى گۇمران قىلايلى! قۇل بولمايمىز، ئاشلىق بېجى تۆلىمەيمىز! كەمبەغەللىكنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ تاشلىساق، شۇندىن باشلاپ قەددىمىزنى كۆتىرەلەيمىز!» دىگەن شوئارلىرى بويىچە ئىرادىسىدىن قايتماي بەي ۋىنچاۋنىڭ ۋەكىللىرىگە: «بىز قۇمۇل شەھىرىنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىپ، ئىت نەسىل پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتىمىز!» دىگەن جاۋاپنى بېرىدۇ.

بەي ۋىنچاۋ سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ تاغ ئېغىزىدە ھۇجۇم قىلىش قىياپىتىدە تۇر-

غوزۇپ پوپوزا قىلىپ قورقۇتماق بولىدۇ. لېكىن تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەۋرىنىپمۇ قويمايدۇ. بەيۋىنچاۋ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىنى تاغ باغرىدا بىر ئاي تۇرغۇزغان بولسىمۇ سۇ مەنبەئى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن چېكىنىپ شەھەرگە قايتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭ زېڭشىن يەنىلا ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، بەيۋىنچاۋغا ماسلاشقان ھالدا ئۆز نامىدىن تۆمۈر خەلپىگە خەت يازىدۇ. خەتتە: «مەن سىزنىڭ قوزغىلىڭىڭىزنىڭ ۋاڭغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىڭىزدىن خەۋەردار بولدۇم. بۇ قوزغىلاڭ توغرۇلۇق سىزگە ھېچقانداق گۇنا قويىدىغان نىيىتىم يوق. سىزدەك بىر باتۇرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىپ بىللە خىزمەت قىلىشىڭىزنى خالايمەن. ھېچبىر گۇمانلىنىپ، قورقۇپ قالماڭ، ئەگەر ئۈرۈمچىگە چوقۇم كېلىدىغان بولسىڭىز، چەكسىز مېھرىۋانلىق قىلىمىز، بۇنىڭغا ئىشىنىڭىزكى ھېچبىر گۇمانلانماڭ...» دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ. لېكىن تۆمۈر بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇپ يەتكەنلىكتىن ياڭزېڭشىننىڭ بۇ قىلتىقىغا چۈشمەيدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۆز جايىدا قاتتىق تۇرۇپ تاغ رايونىنى ساقلايدۇ.

ياڭزېڭشىن ئۆزىنىڭ بىر قاتار ھىلە-ئالدامچىلىقلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە دىنى مۇناسىۋەت بىلەن ھەركەت قوللىنىشنى پىلانلاپ 1913-يىلى جىمسارلىق خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشتۈرۈپ ئۇيغۇر يىڭجاڭ نىياز ھاپىزلارنى 600 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ.

لى شۇفۇ ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلنىڭ كۇشۇتە، تۇرلۇك قاتار-



لىق تاغ ئېغىزلىرىغا خاتىرجەملىكنى ساقلاش شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن قۇمۇلدىكى فىڭ ھاجى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق كىشىدىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ ۋەكىللەر ئىسلام دىنى نامىدا تۆمۈر بىلەن سۆھبەتلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار نۇرغۇن سوغىلارنى ئېلىپ، يەنە ھەربىرى بويۇنلىرىغا بىردىن قۇرئان ئېسىپ قورايغا بېرىپ سۇلھى تەلەپ قىلىدۇ ۋە تۆمۈر خەلپە ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى قوبۇل كۆرگەندە ئۇلار دەسلەپ قىلىپ «1. پەقەت قۇرالنى تاشلىساڭلار بارلىق شەرتلىرىڭلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرىمىز، 2. 30 پارە قۇرئان كىتاۋى بويىچە بىرمۇ دىخاننى ئۆلتۈرمەسلىككە؛ كاپالەتلىك قىلىمىز» دېگەن ئىككى نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارمۇ مۇزاكىرە-كېڭەشلەردىن كېيىن، «1. ھەر تۈرلۈك قۇرال-ياراقلار، ئوق-دورا ۋە ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالغان بۇيۇملار قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. 2. ئۇرۇش جەريانىدا مۇسادىرە قىلىنغان ۋاڭنىڭ ئاشلىق، مال-چارۋىلىرى پۈتۈنلەي تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. 3. بارلىق ئالۋاڭ-ياساق، ئىئانە، باج ئەمەلدىن قالسۇن! ئۇندىن كېيىن خەلق ۋاڭنىڭ ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلماي ئەركىن ھايات كۆچۈرەلەيدۇ. 4. كېپىللىك قىلىشقا ئەلۋەتتە ئۇيغۇر چوڭ مەدرىسىنىڭ، خۇيزۇ شەنشى مەسچىتىنىڭ، شۇيجۇ مەسچىتىنىڭ كاتتىلىرى قاتنىشىشى لازىم.» دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ۋەكىللەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 2-قېتىملىق سۆھبەتكە تەييارلىنىپ ۋەكىللەرنى كۆپەيتىپ ئۇيغۇر-خۇيزۇ مەسچىتلىرىنىڭ ئاخۇنلىرىنى

قاتناشتۇرۇپ پۈتۈن شەرتلەرگە رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىبادەت قىلىشىپ ھەر ئىككى تەرەپ 30 پارە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشىدۇ: «قۇرئاننىڭ ھۆكۈمى بويىچە سۆزىمىزگە قاتتىق ئەمەل قىلىمىز. ئەگەر خىلاپلىق قىلساق ئاللا جازايىمىزنى بەرسۇن!» دېيىشىدۇ. ئاندىن توختام خەتتىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى تىلدا يېزىپ قول قويۇشۇپ ھەر قايسى تەرەپ بىر نۇسخىدىن ئالىدۇ. توختامنىڭ مەزمۇنى: «چارۋىچىلار ۋاڭنىڭ ماللىرىنى ھەقسىز باقماسلىق، ۋاڭنىڭ ھەرقانداق ئالۋاڭ-ياسىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ۋاڭ ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى كىشىلەرنى ھەقسىز ئىشلەتمەسلىك، تاغلارنى قوزغىلاڭچىلار باشقۇرۇپ، ۋاڭ بازارنىلا ئىدارە قىلىش» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن لى شۇفۇ ئۆزى تاققا چىقىپ توختام خېتى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپتىن لى شۇفۇ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن تۆمۈر خەلپە ۋەكىل بولۇپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشقاندىن كېيىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، دۇئا-تەكبىر بىلەن تېچلىقنى تەبرىكلىشىدۇ.

ھىلىگەر سۈيىقەستچى ياڭزېڭشىن قول-چوماقلار ئارقىلىق ئىشنى ئەشۇنداق پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1913-يىلى 3-ئايدا تۆمۈر خەلپە يېتەكچىلىك قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى 160 دىن ئارتۇق كىشىنى «چېگرا ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-يىڭى» قىلىپ تۈزۈپ، تۆمۈر خەلپىنى يىڭجاڭ قىلىش بىلەن بۇ قوشۇننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ لومەنچىڭدا تۇرغۇزىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ ۋە ئەسكەرلىرىنى شەھەر



سىرتىغا ئەپچىقىپ كېتىپ قايتىدىن قوزغالماقچى بولىدۇ. بىراق ياڭزېڭشىن ئۇنى ھەر كۈن ھەر سائەت دىققەت بىلەن كۆزىتىپ نازارەت قىلىپ تۇرغاچقا ھېچبىر ئامال قىلالمايدۇ. لېكىن بىر قىسىم قوراللارنى ئۇلىمايغا يۆتكەپ كۆمۈپ قويۇشقا ئۈلگۈرىدۇ.

1913-يىلى 9-ئايدا ياڭزېڭشىن يېڭى قورال تارقىتىش نامى بىلەن تۆمۈرنى قوراللارنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. تۆمۈر خەلپە قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىدۇ. ياڭزېڭشىن يەنە بىر زەھەرلىك قىلتاق قۇرۇپ، مېھمانغا چاقىرىش نامى بىلەن داستىخان تۆپىسىدە تۆمۈر خەلپىنى ۋە ئۇنىڭ 4 نەپەر ئادىمىنى قولغا ئالىدۇ ۋە شۇ كېچىسىلا 3-يىڭنىڭ قوراللىرىنى يىغدۇرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا 60 دىن ئارتۇق مىلتىق كام چىقىپ، تۆمۈر خەلپە باشلىق 5 كىشىنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ سوراق قىلىپ، ئۇرۇپلا ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار ئىنتايىن خۇپىيانە قىلىنغان بولۇپ 2 كۈندىن كېيىن تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەسكىرى قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ماڭدۇرىدۇ. قۇمۇلغا قايتىشقا ھەرگىزمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا قۇمۇلدا قالغان قوزغىلاڭچىلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تۆمۈر خەلپىنىڭ نېمە ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

× × ×

شامەخسۇت ۋاڭ، تۆمۈر خەلپە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە مېڭىش بىلەنلا، قۇمۇلغا شەنجاڭ بولۇپ كۆتىرىل-

گەن لى شۇڧۇ بىلەن مەخپى كېڭىشىپ تۈزۈلگەن توختاملارنى يىرتىپ تاشلاپ، قورالىغا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ قولىدا قالغان ھۇشۇر، ئىمىن، خوجىنىياز قاتارلىق 16 كىشىنى تۇتتۇرۇپ ئەپكىلىپ ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە بىر ئاي ئېسىپ «سازايى» قىلىدۇ. ئاندىن تەيجىسىنى تاغ رايونلىرىغا ئەۋەتىپ، چارۋا مال سانىغى يۈرگۈزگەندە دەپتەردىكى قوزغىلاڭدىن بۇرۇنقى سان بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزىدۇ. ساننى توشقۇزالمىغانلاردىن يەنە بالدۇرقىدەكلا زورلۇق بىلەن تۆلىتىۋالىدۇ. ھەقسىز ئالۋاڭ-ياساق، ئىئانە، خىلمۇ-خىل باج-پاراقلار ئاۋالقى پېتى بويىچە مېڭىۋېرىدۇ. زۇلۇم ئىسكەنجىسى تېخىمۇ چىڭىپ، خەلقنىڭ قورال كۈچى بولمىغانلىقتىن ئىزىلىشكە دۇچار بولىۋېرىدۇ.



# 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆلكىگە باش ۋالى ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىگى

خېۋىر تۆمۈر

تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ (بەدەۋلەت) نىڭ ئاتالمىش يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى تار-مار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن زوزۇڭتاڭنىڭ تەكلىۋى بويىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1884 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى) شىنجاڭنى رەسمى يوسۇندا «شىنجاڭ ئۆلكىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغانغا قەدەر 65 يىل ئارىلىقتا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە شۈنفۇ (ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى) ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىگى ۋە يىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1884 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى) شىنجاڭ رەسمى ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ليۇ جىنتاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە تۇنجى قېتىملىق شۈنفۇ (ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى) لىققا تەيىنلىدى. ليۇجىنتاڭ 1889 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى.

1889 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى) لىيۇ جىنتاڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مەمۇرى ۋالى ۋېي گۇاڭتاۋ مۇۋەققەت شۈنفۇ (ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى)لىققا تەيىنلەندى.

1891 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 17 - كۈنى) چىڭ ھۆكۈمىتى، شەنشى ۋالىسى تاۋ مۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى (شۈنفۇ) لىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى.

1895 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 21 - يىلى) شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ۋالىسى رو يىڭچى ئۆستۈرۈلۈپ تاۋ مۇنىڭ ئورنىغا ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى بولدى.

1902 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى) شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ۋالىسى پەن شاۋسۇ ئۆستۈرۈلۈپ رويىڭچىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى باش ۋالىسى بولۇپ تەيىنلەندى.

1905 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنخۇي شۈنفۇسى لەن كۈينى يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۈنفۇ (ھەربى - مەمۇرى باش ۋالى) لىقىغا تەيىنلىدى.

1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربى - مەمۇرى باش ۋالىسى يۈەن داخۋانى يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربى - مەمۇرى باش ۋالىلىقىغا تەيىنلىدى.

1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1 - يىلى) يۈەن داخۋا رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئورۇمچى ۋالىسى، قوشۇمچە مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇدۇسى (باش مۇپەتتىش) قىلىپ تەيىنلىدى.



1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى) ياڭ زېڭشىن، فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن، فەن ياۋنەننى يوقىتىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) 12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشتە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ دۇبەن (ھەممىنى باشقۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئەمەلدار) دەپ ئىش يۈرگۈزدى. بۇ چاغدا ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجى بولدى. 1938 - يىلغا كەلگەندە شېڭ شىسەي رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى بىراقلا قولغا ئېلىپ يوقىتىپ ئۆزى ھەم دۇبەن، ھەم رەئىس بولۇپ پۈتۈن ھوقۇقنى قولىغا ئالدى.

1944 - يىلى (مىنگونىڭ 33 - يىلى) 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق جۇشياۋلياڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن قورچاق نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى.

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجوڭ (قوشۇمچە)، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەھمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى سايلاندى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىمگە

خىلاپ ھالدا، بىر تەرەپلىمىلىك قارار ماقۇللاپ ئۆلكە رەئىسلىكىگە
مەسئوت سەبرىنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن 11 بىتىم بۇزۇلۇپ
بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى.
1949 - يىلى 1 - ئايدا مەسئوت سەبرى رەئىسلىكتىن
قالدۇرۇلۇپ، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولۇپ تەيىنلەن-
دى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى
گۇاڭجۇ قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ،
شەرەپلىك ھالدا تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتۈپ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ
رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

**新疆文史资料选辑（13）**（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　6.75 印张
1984年2月第1版　1984年5月第1次印刷
印数：1—11,800

统一书号：M11098·136　定价：0.40元
（内部发行）